ئەخمەت ناسىر

# سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش

( شېئىرلار توپلىمى )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

太阳一向爱大地:维吾尔文/艾合买提·纳斯尔编.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.5
ISBN 978—7—5373—1625—5

Ⅰ.太… Ⅱ.艾… Ⅲ.作品集—中国—当代—维
吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第077303号

责任编辑:齐曼古丽·阿吾提
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

太阳一向爱大地

艾合买提·纳斯尔 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 4.25张 2插页
2008年6月第1版 2008年6月第1次印刷
印数:1—3080 定价:8.00元

# مۇندەرىجە


دوراپ قالما تۈلكە خۇيىنى ........................................ 1

ھەي بالا........................................................ 2

چۈشۈمدىكى ئوبرازىم.............................................. 3

كۈتۈش ........................................................... 4

ئەجەب بولدۇم .................................................... 5

كەل-كەل جېنىم................................................... 6

دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان...................................... 7

يۇرتۇم قوينىدا................................................... 8

تىترەك .......................................................... 11

سەن چىقمىساڭ .................................................. 12

ياشلىرىمىز كەتسە قوشۇلۇپ ...................................... 13

خاتىرەڭدە كۆرۈپ قالدىم شېئىرىمنى.............................. 14

قانچە جېنىڭ بار سېنىڭ جېنىم.................................... 15

كۈلۈپ كېلەر سۆيگۈ ئالدىڭغا...................................... 16

مېنىڭ غايەم .................................................... 17

ئانا يەر ......................................................... 18

ئۆگەن يىگىت .................................................... 19

مودا چوكانغا ................................................... 20

مەڭگۈلۈك باھار.................................................. 22

ھايات كېلەر بىر قېتىم ........................................... 24

ۋەتەن ........................................................... 25

بىر يېتىمنىڭ نىداسى............................................. 26

چاقنىسۇن ....................................................... 27

چوققىغا خىتاب .................................................. 28

ئانامغا بېغىشلاپ .................................................. 29
بارمۇ سەندە ئۆزگە بىر لەززەت ........................................ 30
شۇنداق باھار كېلىدۇ ................................................ 31
تۇنجى قار ......................................................... 33
دەپتىمەن ........................................................ 34
تاكسىدىكى پەرى .................................................. 35
ناۋادا ........................................................... 36
شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە........................................ 37
ئاقيول تىلەش...................................................... 38
ئىككىنچى قۇياش .................................................. 39
بەخت ۋە تەخت ..................................................... 40
ئۆتنە ئالەم ....................................................... 41
ھەيرانىمەن ھەيرانلىقىڭغا .......................................... 42
ھەيرانىمەن ئاشقلىقىمغا ............................................ 43
ئېچىلمىغۇچە ...................................................... 44
كۆتكىن بۇلاق بېشىدا مېنى ......................................... 45
ئىزدەش .......................................................... 46
يوللار ........................................................... 47
ئاي چولپانغا يەتمەيدۇ .............................................. 48
نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار ......................................... 49
بار ۋە يوق ........................................................ 50
بوش ئۇرۇن ........................................................ 51
... غا .......................................................... 52
قۇدۇق بىلەن ئاي .................................................. 53
مۇئەللىم ......................................................... 54
بەخت ھەققىدە ..................................................... 55

زېمىن .................................................. 56
يەر شۇنداق دەيمىش .................................. 57
ئانا كۆڭلى .............................................. 58
ھەيكەل ياساش ......................................... 59
كەپتەرۋازغا .............................................. 60
تونۇر ..................................................... 61
پارچىلار ................................................. 62
سۆيگۈ ناخشىسى ....................................... 66
ھايات .................................................... 67
ئۇيغۇر قىزى ............................................ 68
قۇش ....................................................... 69
يامان ..................................................... 70
دېسەڭمۇ ................................................ 71
قوينۇڭدا باھار ......................................... 72
تىرىلگەن سۆيگۈ....................................... 73
بۇ ئاخشام ............................................... 74
ياشىساڭلا ............................................... 75
... قەھرىمانىسەن....................................... 76
كۆيۈپ قالغان ئۇخشايمەن ........................... 77
بۈگۈن ۋە ئەتە ......................................... 78
سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش ..................... 79
ئىككى ئانا ھەققىدە ................................... 80
ئانا يۇرت ................................................ 81
يىلتىز .................................................... 83
يىللار .................................................... 84
بۇ باھاردىمۇ ............................................ 85

ئەي قىز ........................................ 86
كوچا ........................................ 87
ئادىللىقتۇر ئادەمدەك ياشاش ........................................ 88
سېنى سورىسام ........................................ 89
ئۈزۈلمەس ئۈمىد ........................................ 90
مۇقام ........................................ 91
ئادەم بىلەن شەيتان ........................................ 93
ئۇنتۇلغان ناخشا ........................................ 97
نورۇز قىزى ........................................ 98
تەقدىر ........................................ 100
كوچىدىكى تىلەمچى بالا ........................................ 101
دىيانەت ۋە خىيانەت ........................................ 102
بەخت دېگەن ........................................ 103
بىر چوكانغا ........................................ 104
دەيمەن ........................................ 105
ئۈمىد ناخشىسى ........................................ 106
ئۈزۈڭنىڭ ئىشى ........................................ 107
بۇ ھايات ........................................ 108
قىشتىكى سېغىنىش ........................................ 109
شەبنەم ........................................ 110
ھايات سۆيگۈسى ........................................ 111
يۈرەكتىكى سۆز ........................................ 112
نەزەر ........................................ 113
بولماس ........................................ 114
بىر چىمدىم توپا ........................................ 115
خامان ........................................ 116

بۇ باغدا ........................................ 117
ياز ئاخشىمى ........................................ 118
كاككۇك بولساڭ ........................................ 119
پەرق ........................................ 120
قىشتىكى بېلىق ........................................ 121
يىلان ۋە ئادەم ........................................ 122
ئازاب دەرياسى ........................................ 123
هامان بىر كۈنى ........................................ 124
ۋەتەن سۆيگۈسى ........................................ 125
ئانا ........................................ 126

# دوراپ قالما تۈلكە خۇيىنى

بېقىۋاپسەن بىر جۈپ تۈلكىنى،
ئەپچىلگىنە قەپەسكە سولاپ،
مېيىقىدا كۈلۈشۈپ قويار،
يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر قاراپ.

دىڭ-دىڭ قىلىپ قۇلاقلىرىنى،
پارقىرىتىدۇ كۆزىنى تۈلكە.
شىپاڭلىتار قۇيرۇقىنى تىنماي،
شۇملۇقىدىن بەرگەندەك بەلگە.

ئۈلىشىپتۇ قېشىغا خەقلەر،
قىزىقتۇرغاچ ئۇنىڭ ئويۇنى.
باقساڭ باققىن قىلاي نەسىھەت،
دوراپ قالما تۈلكە خۇيىنى.



# هەي بالا

ئون سەككىزگە كىرمەي تۇرۇپلا،
مەيخانىدا يۇرسەڭ هەي بالا.
ئۆمرۈڭنىڭ ئالتۇن چاغلىرى،
ئىست، شۇنداق كېتەمدۇ زايا؟

ئون سەككىزگە كىرمەي تۇرۇپلا،
ئاشىقلىققا بولۇپ مۇپتىلا.
كېيىنەكتەك قونساڭ هەر گۈلگە،
كۆڭلۈڭ بولۇپ قالامدۇ ئالا؟

ئون سەككىزگە كىرمەي تۇرۇپلا،
تېپىۋالما ئۆزۈڭگە بالا.
سەنغۇ ياشلىق قىلغىنىڭ بىلەن،
ئەلىمىڭنى تارتىدۇ ئانا.

ئون سەككىزگە كىرمەي تۇرۇپلا،
ئېزىپ قالما يولۇڭدىن بالا.
ئىلىم بىلەن باغلاپ بېلىڭنى،
هاياتىڭدىن قالدۇر ئىز-سادا.

# چۈشۈمدىكى ئۇبرازىم

سىلكىنىپ-سىلكىنىپ ئايلانغىنىمدا،
تولغىنىپ-تولغىنىپ تۇرغان يىلانغا.
سۇر- ياۋۇز ئەپتىمنى كۆرگەن كىشىلەر،
يۇلقۇنۇپ-يۇلقۇنۇپ قاچتى ھەر يانغا.

قۇشلارمۇ ئۈركۈشۈپ مۆكتى ئۇۋىغا،
ھەتتاكى «ناخشىدىن»توختىدى پاقا
قالغاندا چۆلدىكى تىكەندەك يالغۇز،
دەرد-ئەلەم ئىلكىدە سىقتىمەن ياقا.

دىلىمدىن ئەسلىگە يانغاندا قايتا،
ھەر چىراي چېھرىدە پارلىدى قۇياش.
شۇندىلا چۈشەندىم ھايات يولىدا،
قىممەتكەن ھەممىدىن ئىنساندەك ياشاش.



# كۈتۈش

قۇرۇپ قالغان دەرەخ تۈۋىدە،
تۇرار بىر قىز چىچىنى ئويناپ.
ئۈمىد نۇرى چاقنار كۆزىدە،
يىگىتىنىڭ يولىغا قاراپ.

قۇرۇپ قالغان دەرەخ تۈۋىدە،
ئۇنى سۆيگەن يارى قۇچاقلاپ.
سۇرۇپ سۆيگۈ پەيزىنى ئۇلار،
ئاشۇ جاينى قويغان نىشانلاپ.

قۇرۇپ قالغان دەرەخ تۈۋىدە،
بىچارە قىز تەلمۈرەر ساقلاپ.
شېرىن سۆزلۈك ئامرىقى ئۇنىڭ،
قەيەرلەردە يۈرەركىن ئويناپ؟...

قۇرۇپ قالغان دەرەخ تۈۋىدە،
شىلدىرلىشار ياپراقلار لەيلەپ.
ئۆرتەنىسمۇ يۈرىكى دەردتە،
قىز كۈتىدۇ كۆڭلىنى بەزلەپ.

# ئەجەب بولدۇم

گۈل لېۋىڭگە سۆيەي دەپ بارسام،
ئىتتەردىڭ يار مەيدەمدىن شۇئان.
تەرگە چۆمۈپ ئويغانسام چۆچۈپ،
قۇچىقىمدا تۇرىدۇ يوتقان.

ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم،
ئۆرۈپ ياتتىم ياستۇقۇمنى ھەم.
دېرىزەمنى چەككەندە قۇياش،
دەس تۇردۇمىيۇ قىينىدى ئەلەم.

ئەجەب بولدۇم چۈشلىرىمدىمۇ،
شادلىقىمدىن ھەسرىتىم ئارتۇق.
بىللە يۈرگەن دەملەرنى ئەسلەپ،
سەنمۇ مەندەك ئۆرۈمسەن ياستۇق.



# كەل-كەل جېنىم

يۈزۈڭ ئايدەك، قاشلىرىڭ قارا-قارا،
سۆزۈڭ بالدەك، قەنت-ناۋات تاما-تاما.
ئۇۋۇلاپ-ئۇۋۇلاپ ئىشقىمنى مۆكتۈڭ قايان؟
ئاھ، جانان يۈرەكلىرىم يارا-يارا.

كۆزۈم كۆرمەس ياشلىرىم ئاقار-ئاقار،
يۈزۈم سامان سارغىيىپ بارا-بارا.
چېچىم قاردەك، ساقال چۈشتى مەيدىگە،
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ قارا-قارا.

تالدى قولۇم دەرد سازنى چالا-چالا،
مەيلى، كۆڭلۈڭ بولسىمۇ ئالا-ئالا.
كەل جېنىم، كەل-كەل جېنىم قىلدىم ساڭا،
بارلىقىمنى، ھاياتىمنى ئاتا-ئاتا ...



# دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان

(قۇمۇل ئەدەبىياتىنىڭ ئون يىللىقىغا بېغىشلاپ)

ئون يېشىڭغا بولسۇن مۇبارەك،
دىل كۆكىدە چاقنىغان چولپان.
نەزمە ئېيتىپ بەس-بەستە بىردەك،
ھەر كۆڭۈلدىن ئېتىلدى فونتان.

ئىلىم بىلەن تولمەيدۇ ئىنسان،
جۇت-شىۋىرغان سوقسىمۇ بوران.
نۇرلۇق بىلەن يورۇغاچ قەلبىم،
سەن سىردىشىم ۋاپادار جانان.

بەتلىرىڭگە قونغان مىسرالار،
ملىڭ ھېكمەتتىن بېرىدۇ دېرەك.
جارانگلىغان ياڭراق سادالار،
يۈرەكلەرنى ياشنىتار ئەجەب.

شۇڭا ساڭا باغلاندى رىشتىم،
بۇلبۇل بولۇپ قىلىمەن ناۋا.
قۇياش بىلەن نۇرلىنىپ دائىم،
تا ئەبەدكە يۈكسىلىپ چاقنا.

# يۇرتۇم قوينىدا

زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىيرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

(قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن)

قولى گۇل قەھرىمان يۇرتۇم ئەۋلادى
زوركىنىڭ باشىدا يىغلىماس ئەمدى.

تارىخنىڭ بېتىنى ۋاراقلىساڭ گەر،
كۆزلىرىڭ ياشلىنار قەلبىڭ ئۆرتىنىپ.
ئېزىلگەن ئىسيانكار باتۇر خەلقىمنىڭ
ھەسرەتلىك ئۆتمۈشى مۇڭ-زارىن كۆرۈپ.

بىر چاغلار قاپقارا تۇن ئالۋاستىسى،
بۇ دىيار ئەھلىنى قىلغانتى ئەسىر.
قۇچىسمۇ زېمىننى ئاۋامنىڭ زارى،
شۇم قانخور زالىمغا قىلمىغان تەسىر.

تۆكسە تەر چۆللەردە مىڭلاپ جاپاكەش،
غوجاملار قەسرىدە قىزىغان بەزمە.
ئاچلىقتىن قىينىلىپ ئىڭرىسا جانلار،
تووۇلىغان غوجاملار غەزەل ۋە نەزمە.

بۆرىدەك ھۇۋلىغان شىۋىرغان-بوران،
بۇ ماكان قوينىدىن شادلىق يوقالغان.
زالىملار قىلىچى ئاستىدا باشلار،
كېسىلىپ قانلىرى سەل بولۇپ ئاققان.

زۇلۇمغا چىدىماي تۆمۈر ئاقساقال،
ئەركىنلىك كەمرىنى تاڭغان بېلىگە.
لەرزىگە كەلتۈرۈپ ئالەمنى ھايھات!
خەنجىرىنى تىققانتى ياۋنىڭ كۆكسىگە.

غەپلەتتىن ئويغىنىپ غوجامنىيازمۇ
باتۇرلار يولىدىن كەلدى ئىز بېسىپ.
ئاتلىنىپ ئۇلۇغۋار جاسارەت بىلەن
ياۋلارنى تىترەتتى يەرنى چىشلىتىپ.

شەرقتىن نۇر چېچىپ چىققاندا قۇياش،
تىيانشان باغرىدىن يوقالدى زۇلمەت.
بارچە دىل قەلبىدىن ياڭراتتى خىتاب:
«ھۆر ھايات بىز ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت».

ئەمدى باق زۆركىنىڭ باشىغا چىقىپ،
كۆرۈنەر يۇرتۇمنىڭ گۈل-گۈلىستانى.
كەلمەسكە كەتتى بەس، زەن سېلىپ قارا
خەلقىمنىڭ ئۆتمۈشتە چەككەن پىغانى.

كۆكتىكى لەيلىگەن ئاق بۇلۇتلاردەك،
ئوتلايدۇ يايلاقتا توپ-توپ چارۋىسى.

ھەر ئۆيدىن ياڭرايدۇ شادىيانە كۈي،
مەشرەپكە يول سالغان تۆمۈر ھارۋىسى.

پەلەككە بويىنى سىپلىشتۇرغاندەك،
كۆرۈنەر قەۋەتلىك بىنالار ھەيۋەت.
جاراڭلار بۇلبۇللار ناۋاسى ھەردەم،
يۇرت كۆركى قوغۇندىن تامىدۇ شەربەت.

تۆكۈلگەچ ماڭلايدىن تامچە-تامچە تەر،
يۇرت ئارا كۆپەيدى مىليونېر-بايلار.
بىپايان ئېدىرلار ئايلىنىپ باغقا،
يېشىللىق تونىغا پۈركەندى سايلار.

ئىلمنى گاڭ قانات قىلدى ئۇشبۇدەم،
يۇرتۇمنىڭ نەۋقىران ئوغۇل-قىزلىرى.
خۇش پۇراق گۈل-غۇنچە قالدۇرۇپ ئۆتەر،
ئۇلارنىڭ باسقان ھەر قەدەم ئىزلىرى.

تۇختىماس زاۋۇتلار كېچەيۇكۈندۈز،
ئىلگىرلەش يولىنىڭ شانلىق بەلگىسى.
تۈن كېچە ئۆرلىگەن چولپان يۇلتۇزدەك،
چاقنايدۇ يۇرتۇمنىڭ پارلاق كەلگۈسى.

قولى گۈل قەھرىمان يۇرتۇم ئەۋلادى،
زۆركىنىڭ باشىدا يىغلىماس ئەمدى.

# تىترەك

جامالىڭنى كۆرۈپ يىراقتىن،
تەنلىرىمگە ئۇلاشتى تىترەك.
كەلگىنىڭدە قېشىمغا يېقىن،
گۈپ- گۈپ سوقۇپ كەتتىغۇ يۈرەك.

نە قىسمەت بۇ ئەي گۈزەل دىلدار،
سېنىڭ بىلەن بولغاندا دىدار.
لال بولدۇ تىلىممۇ دەرھال،
قىلالمايمەن كۆڭلۈمنى ئىزھار.


ئەيمىنىشتە ئېيتالماي سىرىم،
قاچانغۇچە يۈرەرمەن نىگار.
شادلىناتتىم ئىشقىم تارىغا،
ئېسىپ قويساڭ سۆيگۈدىن تۇمار.



# سەن چىقمىساڭ ...

ئاخشاملىرى كۈتسەم يار سېنى،
قەلبىم شېرىن ھېستا بولۇر مەس.
سۆيگۈ سوۋغا قىلغان قىسمەتتەك،
سەن چىقمىساڭ ئايمۇ كۆرۈنمەس.

كەلگىن نىگار ئوتلۇق مېھرىڭگە،
قېنىۋالاي پىنھاندا بىر پەس.
ھەسرىتىمنى يېتىم قالدۇرۇپ،
تىنىقىڭغا بولاي ھەمنەپەس.



# ياشلىرىمىز كەتسە قوشۇلۇپ

تارام-تارام تۆككەن ئىدىم ياش،
ئېرىشەلمەي ساڭا قەلەمقاش.
نەمدىلىپتۇ شەھلا كۆزۈڭ ھەم،
بولالماستىن ئۆزىگە سىرداش.

ۋىسال ئىزدەپ ئىككىمىزلا يار،
كېتەلمىدۇق دەردتىن قۇتۇلۇپ.
قەلبىم كۆكى يورۇيتتى تاڭدەك،
ياشلىرىمىز كەتسە قوشۇلۇپ.



# خاتىرەمدە كۆرۈپ قالدىم شېئىرىمنى

كۆرۈپ قالدىم خاتىرەمدە گۈزەل قىز،
«سۆيسەڭ دىلدىن سۆيگىن» دېگەن شېئىرىمنى.
ئاخىرىدا ئوقۇپ ھەيران-ھەس بولدۇم،
«بىلسەڭ تېزدىن كەلگىن» دېگەن قۇرلارنى.

سېزىپ قالدىم مۇھەببەتتە يۈرۈپسەن،
بىلىپ-بىلمەي پىراقىمدا كۆيۈپسەن.
غايىبانە سادىق بولۇپ ئىشقىمغا،
مىڭ تىرىلىپ، مىڭ بىر قېتىم ئۆلۈپسەن.

خىيالىڭدا مېنى خىلىڭ كۆرۈپسەن،
ئۆرتىنىشلەر چىرمىۋالدى كاللامنى،
قارىيالامسەن چىرايىمغا جان سىڭلىم؟
ئەگەشتۈرۈپ بارسام ئوماق بالامنى.



# قانچە جىنىڭ بار سىنىڭ جىنىم

تىنىقلىرىڭ چوغمۇ بىلمىدىم،
ئىرىپ كەتتى مۇزدەك تەنلىرىم.
سىرلىرىمنى ئېيتتىمغۇ تامام.
لەۋلىرىڭگە تەشنا لەۋلىرىم.

كۆزلىرىمنىڭ يېغىنى پۈتۈن
يۇتۇۋالدى جامالىڭ جانان.
ئەگەشتۈرۈپ قۇشلارنى تىلىڭ
تۇتۇۋالدى قەلبىمنى ماكان.

يۈدۈپ خۇشال ساداقىتىمنى،
بارسام ئاشۇ كۆلنىڭ بويىغا
ھاياتىڭنى ئاتاپ تۇرۇپسەن،
گىرە سېلىپ بىراۋ بويىنىغا.

قېتىپ قالدىم قاققان قوزۇقتەك،
مەجنۇنتالمۇ سۈكۈتتە جىم-جىم.
ئېيتقىنا يار ھەيران مەن ساڭا،
قانچە جىنىڭ بار سىنىڭ جىنىم؟

# كۈلۈپ كېلەر سۆيگۈ ئالدىڭغا

قەپەستىكى بۇلبۇلدەك گويا،
ئىنتىلىشكە بولدۇق مۇپتىلا.
چىمەندىكى قىپقىزىل گۈلدەك،
كۆز ئالدىڭدىن كەتمەس بىر سىيما.

خىيالىڭنى قىلىدۇ ئەسىر،
غۇنچە لەۋلەر قىزغىن سۆيۈشلەر.
كۆرۈنىدۇ قەلبىڭ كۆكىدە،
سىردىشىشلار ئۇيناپ كۈلۈشەر...

سىقىلىدۇ يۈرەكلىرىڭ ھەم،
كىرپىكلىرىڭ نەمدىلەر دەم-دەم.
«قوش مېغىز بىز» دېگەن ئامرىقىڭ،
ھەسرىتىڭگە بولمىغاچ ھەمدەم.

ئۇنتۇيالمىدىڭ، ئۇنتۇيالمىدىڭ ھېچ،
تۇنجى سۆيگۈ — ئۆتمۈشنى پەقەت.
دەيمەن ياشا رۇسلاپ قەددىڭنى،
جۇدالىقىڭ بەرھەق — ھەقىقەت.

ھاياتلىققا قىلغىن تەنتەنە،
ئەل بولمىغىن مىسكىن ھالىڭغا.
ئەقىدەڭ چىن بولسىلا يەنە،
كۈلۈپ كېلەر سۆيگۈ ئالدىڭغا.

# مېنىڭ غايەم

ياستىپتۇ ھەشەمەتلىك بىر قەبرە،
مۆھتىرەم مويسىپىت ئۆزىگە ئاتاپ.
مۆجىزات ياراتقان كىشىدەك گويا،
يۈرەرمىش ئۇ دائىم گۆرىگە قاراپ.

خۇش ئىمىش ئاقساقال قىلمىشىدىن بەك،
كەلسىمۇ ئەزرائىل ئاڭا يېقىنلاپ.
«ئەۋلادىم تەقدىرى قانداق بولاركىن؟...»
دېگەننى باقماپتۇ ئۇ تېخى ئويلاپ.

قانداقمۇ قىلغۇلۇق تاراپ كەتسە گەر،
بۇ ئادەت نەۋرىسى، چەۋرىسىگە ھەم.
كۈتسىلا ئۆلۈمنى شۇ سەبىيلەرمۇ،
چەكمەسمۇ ھاياتنىڭ يولىدا ئەلەم.

باشقىلار نە كويدا؟ شۇ كونىلىقنى—
كۇمپەيكۇم قىلىشتۇر غايەم-ئەقىدەم.
ئەجدادىم گۈلىنى ئېچىلدۇرۇپ بەس،
گۈلدەستە سۇنايمەن ئەلگە دەممۇدەم.

# ئانا يەر

شاخلىرىمغا
قويدۇڭسەن تىرەك.
مېۋە بېرىپ ئېگىلگەندە مەن...
قويۇۋەت!
مەيلىمگە مېنى،
خالىغانچە ئېگىلەي،
خالىماسمەن ئەسلا،
يەر ئالدىدا غادىيىۋېلىشنى
بىلەمسەن؟!
ئاڭلا باغۋەن مۆتىۋەر.
قانداقلارچە بېرەتتىم مېۋە،
ئەگەر مېنى كۆتۈرمىسە ئانا يەر...




# ئۆگەن يىگىت

نەغمە-ناۋا باشلانسا نەدە،
تېپىلىسەن يىگىت شۇ يەردە.
مەجنۇنتاللار ئاستىدا گاھى،
يارىڭ بىلەن بېرىشىپ ۋەدە.

خۇشال ئۆتتى كۆنلىرىڭ شۇنچە،
ئەپسۇس تال-تال ئاقاردى چېچىڭ.
مەنزىللىرىڭ تېخى بەك يىراق،
يار بىلەنلا پۈتمەيدۇ ئىشىڭ.

ئۆگەن، تىرىش ئىزدەنگىن يىگىت،
ھاياتىڭدىن قالسۇن نام-نىشان.
ئۆتۈۋەرسەڭ ئىشرەت بىلەنلا،
يەپ قالىسەن بىر كۈن پۇشايمان.



# مودا چوكانغا

قۇلىقىڭدا ئالتۇن ھالقا،
بويىنۇڭدا زەنجىر.
دانە-دانە سۆزلىرىڭدىن،
پۇرايدۇ ئەنجۇر.

قوللىرىڭدا جۇپ-جۇپ ئۈزۈك،
چاقنىتار كۆزنى.
ئەۋرىشىمدەك قامىتىڭ،
ئەسلىتەر توزنى.

ئاي يۈزۈڭدىن ئاي ئەيمىنەر،
كۆزۈڭدىن قۇياش.
ئەگىم-ئەگىم قارا قاشىڭ،
قويۇق ھەم تۇتاش.

زىبۇزىنىنەت ئەسىرىڭدۇر،
بېزەلگەن تېشىڭ.
سوئال سوراپ قالسا بالاڭ،
ئاغرىيدۇ بېشىڭ.

ياسىنىشقۇ گۇناھ ئەمەس،
گۈللە بويۇڭنى.

قار چۈشمەستە چاچلىرىڭغا،
ئۆزگەرت خۇيۇڭنى.

قاراپ باقسام تۇرقۇڭ سۆزلەر،
ئىچىڭ قۇپقۇرۇق.
بىلىم بىلەن بىلگىن دىلىڭ،
بولار يوپيورۇق.



# مەڭگۈلۈك باھار

باھار
تالڭ خورىزى ئىكەنسەن ئەسلى،
ئويغاتتىڭغۇ جىمىكى جاننى.
يىلنىڭ تاجى بولۇپ ئاتالدىڭ،
يېشىللىققا پۈركەپ جاھاننى.
ئېچىلدۇردۇڭ گۈل-چېچەكلەرنى،
پۈراقلىرى گۈپ-گۈپ چېچىلدى.
لىپ-لىپ ئۇچۇپ كېپىنەكلەرمۇ،
چىمەن جورى بولۇپ قېتىلدى.
قارىغىن ئەنە!
بۇلبۇل ئېيتتى سېنى دەپ قوشاق،
لەرزان شامال ئوينىدى ئۇسسۇل.
چىملىقلاردا ئوماق باللار،
تال چىۋىقنى قىلماقتا دۈلدۈل.
دېھقان ئېيتىپ يېڭى ناخشىنى،
يۈرۈپ كەتتى ئېتىزغا ئۇدۇل.
زىلال سۈنى سۆيۈپتۇ قارا،
مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى سۇمبۇل.
ھەر يىلدا بىر كېلىسەن باھار،
سەن—
ھاياتلىقنىڭ گۈل پەسلى،

ئۆتۈپ كېتەر ئىككىسى بىراق،
سېنى، مېنى داغدا قالدۇرۇپ.
باھار
سوراپ قالسا سېنىڭدىن بىرسى،
— بۇ پانىي ئالەمدە،
— چېكى-چېكى ئۈزۈلمەيدىغان.
— باھار بارمۇ؟ — دەپ.
جاۋاب بەرگىن ئىككىلەنمەيلا،
مۇھەببەت —
مەڭگۈلۈك سولماس باھار دەپ.



# ھايات كېلەر بىر قېتىم

كېيىنلىسىمۇ دەرەخ تۇۋىدىن،
كەلسە باھار كۆكلەر قايتىدىن.
تەندىن روھى ئايرىلسا ئەگەر،
تىرىلمەيدۇ ئادەم باشقىدىن.

شۇنداق، ھايات كېلەر بىر قېتىم،
شۇڭقار كەبى قاقايلى قانات.
ئۇخلاپ قالغان دەرياغا ئوخشاش،
دولقۇنسىزلا ئۆتمىسۇن ھايات.

بولالمىساڭ ئۆكۈنمە مەيلى،
تاڭ ئەلچىسى — چولپان يۇلتۇزى.
بولغىن مەيلى جاسارەت بىلەن،
ئانا تۇپراق — ئېلىڭنىڭ كۆزى.



# ۋەتەن

سەن بىپايان ھاۋالىق ئورمان،
ئۇندا قۇشمەن ئەركىن سايرىغان.
شاختىن شاخقا قونۇپ ھەر سەھەر،
قۇياش سۆيۈپ دىلى يايرىغان.

سەن ئۇپۇققا تۇتاشقان دېڭىز،
قوينۇڭ ئىللىق مەن ئاپئاق بېلىق.
ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قانمايمەن ئەسلا،
سىلاشلىرىڭ شۇنداق يېقىملىق.

سەن چىمەنزار، گۈلزار گۈلىستان،
پورەك-پورەك ئېچىلغان گۈلمەن.
گەر يۈرسەممۇ جەننەتتە سەنسىز،
كىشەنلەنگەن بىچارە قۇلمەن.

سەن تەپتى بار چۆللۈك-جەزىرە،
باغرىڭدىكى ئاققىنە تاشمەن.
چۈشسىمۇ گەر كۆكسۈمگە ساقال،
ئىشقىڭ بىلەن ئەبەدىل ياشمەن.

# بىر يېتىمنىڭ نىداسى

تىرىك تۇرۇپ ئاتالدىم يېتىم،
كۆكسىمدىلا قالدىغۇ رىزقىم.
ئانا دېسەم كەلمەيدۇ سادا،
يۈرىكىمدە يوقمۇ تىنىقىم؟!

ئەللىيىمنى ئاڭلاشقا ھەردەم،
ئەمەسمىدى تەشنا قۇلىقىم؟!
مېنى تاشلاپ كېتىپتىكەنسەن،
توشماستىنلا تېخى قىرىقىم.

بەگزادىمەن دادام مالايدەك،
ئايىغىمدا بولۇپ پايپېتەك.
ئادەملىكنى ئۆگەتتى ماڭا،
پاك ئەجرىدىن بېرىپ چىن يۈرەك.

جېنىم ئانا كۆڭلۈڭ كۆلىدە،
مەن بېلىجان ئالتۇنبېلىقىڭ.
كۈندە ھېيت بولاتتى ئۆيدە،
يانسا ئەگەر ھايات چىرىغىڭ.

تېشىلگۈدەك بولدى كۆزلىرىم،
ھەر دەقىقە قاراپ يولۇڭغا.
قانالمسام مېھرىڭگە ئانا،
تۆرىلىمەن نېچۈن دۇنياغا؟!.


# چاقنىسۇن

(ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىغا بېغىشلاپ)

قان-تەرىڭدىن تۆرەلگەن چېچەك،
پورەك-پورەك بولۇپ ئېچىلسۇن.
پۇرىقىدىن مەست بولسۇن يۈرەك،
قۇزغۇن كېلىپ ئاڭا قونمىسۇن.

ئۇپۇقلارنى چىللىغان ناخشاڭ،
شاۋقۇنلاردەك دەۋرەپ ياڭرىسۇن.
مۇنبەردىكى مۇڭلۇق كۈيىڭنى،
قېنى بۇلبۇل، شۇڭقار ئاڭلىسۇن.

قۇياش يۈدۈپ يۈرگەن تىلەكلەر،
قوي كۆزلەردە پارلاپ چاقنىسۇن.
چولپان سۆيۈپ ئويغانغان تاڭلار،
ياش دىللارغا كۆچۈپ ياشنىسۇن.



# چوققىغا خىتاب

ياماشتىم
چىشىمنى چىشلەپ،
تىك چوققىلار ئىشانىم تەختىم.
چىقتىم
بېشىمنى ھەم سۆيدى بۇلۇتلار،
مەڭزىمگە ئاتام سۆيگەندەك گويا.
شۇندىن بۇيان،
ئۇنتۇپ كەتتىم ھەممىنى.
قوناقچىلىك كۆرۈندى تاشلار...
كۆرۈپ تارتۇق يۈزلىرىمنى،
ھەي ...
ئاجايىپكەن بۇ دۇنيا.
تونۇيالمىدى مېنى تونۇشلار،
مەنمۇ ئۇلارنى تونۇمىغاندەك.
ۋارقىرىدىم ئاخىرى،
چوققىلارغا تىكىلگىنىمچە:
قېنى مېنىڭ ئىزلىرىم؟ قېنى...



# ئانامغا بېغىشلاپ

سۈرمەك بولساڭ ئاي يۈزۈڭگە ماي،
خرۇستالدەك ئەينىكىڭ بولاي.
ئىچمەك بولساڭ دەملەنگەن قەنت چاي،
ئاپئاقفىنە چەينىكىڭ بولاي.

كۆڭۈللەرنى يورۇتقان شامسەن،
بىر سىنىڭلا پىلىكىڭ بولاي.
شاخلىرىڭدا مەي باغلاپ مېۋە،
ئېگىلسەڭ گەر تىرىكىڭ بولاي.


ئۇپۇق سۆيگەن دېڭىزدۇر باغرىڭ،
دەريا-دەريا تىلىكىڭ بولاي.
ئانا، ئانا سەن قۇياش گويا،
يۈرىكىڭدەك يۈرىكىڭ بولاي.



# بارمۇ سەندە ئۆزگە بىر لەززەت

مۇگلىرىڭدىن مەست بولغان چېغى،
بارچە قۇشلار جىمىدى شۇئان.
ئېگىكىنى تىرىگىنىچە
قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى جاھان.

مەجنۇنتالنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ،
ئەۋرىشىمدەك تولغاندى جانان.
بارمۇ سەندىن ئۆزگە بىر لەززەت؟!
يۈرىكىمدە ئۇلغايدى گۈلخان ...



# شۇنداق باھار كېلىدۇ


كېلەر باھار كۆلگۈنچە،
پەرىزاتتەك ناز قىلىپ.
مۇڭغا پۈركۈپ ئالەمنى،
مۇقامچىدەك ساز چېلىپ.
چىق دىلبىرىم ئۆيۈڭدىن،
ئەركىلەشنى ئاز قىلىپ.

ئىسسىقرىندۇ شاماللار،
ئىرغاڭلىتىپ شىۋاقنى.
گۈل-چېچەكلەر يەلپۈنەر،
چېچىپ مىڭ خىل پۇراقنى.
كەل قېشىمغا گۈزىلىم،
داغدا قويۇپ يىراقنى.

ۋىچىرلىشىپ قۇشلارمۇ،
ئۇۋا ياساپ ئالدىراش.
قويمىساڭمۇ ئۇسمىنى،
سەن قەلەمقاش-قەلەمقاش.
يۈر ئۇمىقىم ئۇينايلى،
چىمەن ئارا بوپ ئاداش.

ھەر باھاردا تۇغۇلار،
قەلبىمىزدىن بىر ناخشا.
ھاياتلىقنىڭ مەنىسى،
باھار سۆيۈپ ياشاشتا.
چىق جىگىرىم ئېتىلىپ،
ئولتۇرماي تېگىرقاشتا.

شۇنداق باھار كېلىدۇ،
دىللار ئوت بوپ يانىدۇ.
كۆكتە ئۈزگەن تولۇن ئاي،
ۋىلىق-ۋىلىق كۈلىدۇ.
ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى،
بار مەۋجۇدات بىلىدۇ.



# تۇنجى قار

ئىللىق قۇياش نۇرىدا،
پىل-پىل قىلار تۇنجى قار...
كۆك،
زىمىستانىنىڭ تۈگمەنلىرىدە
بۇلۇتلاردىن ئۈن تارتىپ
چىچقۇەتتى زېمىن يۈزىگە.
تەبىئەت
ئوخشاپ قالدى ئاق لىچەك ئارتقان،
بىر ئانىنىڭ ئۆزىگە.
كەلدىڭ،
ئاق قار كەبى لەپىلدەپ
دىمىقىمغا ئۇرۇلدى،
باهار هىدى گۈپۈلدەپ.
قاچتىڭ،
گويا كېپىكتەك.
قولۇمدا قارلىق...
قوغلىدىم سېنى،
سېزىپ شۇندا ئۆزۈمنى،
مەنمۇ تىرىكتەك.
ئىللىق قۇياش نۇرىدا،
پىل-پىل قىلار تۇنجى قار...

# دەپتىمەن

ۋىلىق-ۋىلىق كۆلۈپ كەلسە كۆيدى دەپتىمەن،
قاش-كۆزىنى ئۆيناتسا ئۇ سۆيدى دەپتىمەن.
شېرىن-شېكەر سۆزلىرىدىن چىقارسا ئاھاڭ،
پاك مۇھەببەت مۇقامىغا چالدى دەپتىمەن.
ياشناپ-ياشناپ كەتسۇن قەنتتەك سۆيگۈمىز دېسە،
بۇ بېشىمغا سۆيگۈ قۇشى قوندى دەپتىمەن.
كەڭ-كەڭ ئېچىپ قۇچىقىنى چىللىسا نازدا،
بارلىقىنى پەقەت ماڭا بەردى دەپتىمەن.
گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلاتسا پىنھاندا گۈزەل،
ئاشىق-مەشۇق چاقچىقىغا سالدى دەپتىمەن.
كېيىنەكتەك قونغاندا ئۇ ئۆزگە بىر گۈلگە،
ھەر قاچان يار نىشانىدىن ئازدى دەپتىمەن.
بېقىپ يارنىڭ يولىغا مەستانە بولۇپ،
چۈشلىرىمدە جۆيلۈپ ئۈنى كەلدى دەپتىمەن.
كۆرۈنمىسە قارىسىمۇ ئۈنىڭ يەنىلا،
ئاچچىق ھەسرەت-نادامەتكە تولدى دەپتىمەن.
ھاياتىمنى بېغىشلىدىم دېسە ئىشىنىپ،
كۆڭلى ئالا يارنى ھەق دوست بولدى دەپتىمەن.
ئەمدى بىلسەم ئەسلي ئۇ بىر ئىكەن جىن-شەيتان،
ئالدىراڭغۇ مۇھەببەت بەس، بولدى دەپتىمەن.

# تاكسىدىكى پەرى

دوپپىسىغا گۈللەر قوندۇرۇپ،
چاچلىرىنى ئۆرۈپ قىرىق تال.
شامال كەبى ئۆتتى يېنىمدىن،
كۈلۈپ قويدى مەڭزىدىكى خال.

قالدى قولۇم كۆككە ئېلىنىپ،
يۈرىكىمگە تۇتاشتى ئارمان.
يولۇچىنى ئاپىرىپ قويۇپ،
ئۆتەر چوقۇم بۇ يولدىن جانان.



# ناۋادا

ياز يورۇدى دەپ،
دېرىزەڭنى ئاچساڭ ئەي نىگار.
ناخشا بولۇپ لېۋىڭگە قوناي،
سەن بەھۇزۇر چالغاندا دۇتار.

ياز يورۇدى دەپ،
كەڭ-كەڭ ئىشىك ئاچساڭ ناۋادا.
كۆڭلۈڭ دەريا، بىلىقىڭ بولاي،
تۇرغۇم كەلمەس ساقلاپ تالادا.



# شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە

شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە؟
بىلمىگەننى بىلدىم دەيدىغان.
كەتمەن ئالماي تۇرۇپ قولىغا،
ئېرىقنى مەن چاپتىم دەيدىغان.

شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە؟
كۆلگەنلەرنى يىغلىتىدىغان.
گەپ خالتىسى بولۇپ ئارىدا،
پاك دىللارنى داغلىتىدىغان.

شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە؟
ئالەم ئارا «مەن بىر» دەيدىغان.
تاختىپەنگە ئېلىپ ئۆزىنى،
باشقىلاردىن كىر ئىزدەيدىغان.

شۇنداق دوستۇڭ بارمۇ ئاغىنە؟
مېھمان بولۇپ زېرىكمەيدىغان.
داستىخانغا دۈم چۈشۈپ تويماي،
«كۆپ» بولسىمۇ تېرىكمەيدىغان.

# ئاقيول تىلەش

قىسقىرىدۇ ماڭغانسېرى يول دېگەن،
كۆرۈنسىمۇ ئالۋۇنلاردەك نىشانىڭ.
يورغىلاتقىن قەدىمىڭنى ئايىماي،
قۇچاق ئېچىپ كۈتەر سېنى جانانىڭ.


پەلسەپىدۇر يېقىلىشنىڭ ئۆزىمۇ،
ئارزۇلاردەك بولۇۋەرمەس سەپەرمۇ.
بول پەرۋانە مەنزىللىرىڭ لاۋۇلدار،
قونمايدىكەن ئۇچۇپ كېلىپ زەپەرمۇ.



# ئىككىنچى قۇياش

كۈندە كۆلۈپ چىقىدۇ قۇياش،
مېھرى بىلەن بېقىپ ئالەمگە.
پاك نۇرىنى سېپىدۇ تال-تال،
تەبىئەتكە، گۈلگە ئادەمگە.


مۇشتەككىنە يۈرىكىم قۇياش،
يورۇتىدۇ قەلبىمنى ھامان.
تۈنگە بېرىپ ئازابلىرىڭنى،
گىرە سالغىن بوينۇمغا جانان.



# بەخت ۋە تەخت

بەختلىكتىن بەخت تىلىمەي،
ياشاپ كەلدىم ھايات يولىدا.
كىم كۆرۈپتۇ بەخت قۇشىنى؟
بەخت دېگەن مېھنەت قولىدا.


بەخت ئەمەس پۈتۈلگەن تۇمار،
بولۇۋەرمەس ھەر كىم بويىنىدا.
ۋەتىنىمدۇر غۇلىماس تەخت،
بەختلىكمەن ئۇنىڭ قوينىدا.



# ئۆتنە ئالەم

ئىسسىققىنە قۇچاقلىرىڭغا،
كېتىپتىمەن ئازاب قاچىلاپ.
ھايات ئەسىر ئەسلىمىلەرگە،
ۋىجدان تۇرار مېنى قامچىلاپ.

خىلۋەتلەردە كۈتتۈم بىرىنى،
كۆرۈنمەيدۇ ئۇنىڭ قارىسى.
سۆيگۈ پۇرار ناخشىلىرىمدىن،
يامانىكەن كۆڭۈل ئالىسى.



# ھەيرانىمەن ھەيرانلىقىڭغا

كۆزلىرىمدىن نۇرلار ياغدۇرۇپ،
كۆزلىرىڭگە تىكىلدىم ئۇزاق.
بىلىپ تۇرۇپ ئىشقىمنى گۈزەل،
دىدارىڭنى قاچۇردۇڭ بىراق.

ساڭا سىيا كەبى ئەگىشىپ،
تۇرۇۋالدىم ئالدىڭنى توراپ.
قوشۇماڭنى تۈرۈپ ئومىقىم،
قىلىقىمدىن قالدىڭ گاڭگىراپ.


كەتكىنىڭدە ھەسرەتتە قالدىم،
تەلەيسىز يار بولغانلىقىمغا.
شۇندىن بېرى چىگىش خىيالىم،
ھەيرانىمەن ھەيرانلىقىڭغا.



# ھەيرانىمەن ئاشىقلىقىمغا

پاك سۆيگۈمنى كېپەنلەپ قويۇپ،
بولۇۋالدىڭ سادىق ھازىدار.
چېكەڭدىكى گۈلۈڭنى كۆرۈپ،
دەرد-ئەلەمگە بولدۇم ھامىلدار.

قانداقسىگە ئىشىنەي ئەمدى،
بىر ماڭىلا تالىقلىقىڭغا.
ياشىسامۇ ئەقىدەم بىلەن،
ھەيرانىمەن ئاشىقلىقىمغا.




# ئېچىلمىغۇچە

مەنمۇ قىزنىق، ئوغلۇمغا بىر چاغ،
سېتىۋېلىپ ئەكەلسەم گىتار.
خانلەيلۇننى تووۋلىغىنىچە،
ئولتۇرۇپتۇ چېلىپلا دۇتار.

كايىپ كەتتى بۇ قىلىقىمدىن،
جان ئانىسى ئۆكۈنگىنىچە.
سازنى كۆرۈپ ئوغلۇم دىلىدىن،
ئالدى كېلىپ سۆيۈنگىنىچە.

چالغىن بالام بوۋاڭ قانمىغان،
پەدىلەرگە مۇڭلانغىنىچە.
مۇقام بىلەن دوست بولسۇن ئەۋلاد،
گۈل، گۈل ئەمەس ئېچىلمىغۇچە.



# كۆتكىن بۇلاق بېشىدا مېنى

كېتىپ بېرىپ يىغلىسام ئەگەر،
ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمىسۇن يار.
ئاققۇزمىغىن كۆزلىرىڭدىن ياش،
ھاياتىمدا بولۇپ كەتسەم خار.

چوققىلاردىن دومىلاپ كەتسەم،
يۆلەپ قوياي دېمىگىن مېنى.
مەزمۇت قەدەم تاشلاپ كېتىپ قال،
باغرى تاشكەن دېمەيمەن سېنى.


چۆكۈپ كەتسەم دولقۇنلار ئارا،
سۇنما جېنىم ئاپئاق قولۇڭنى.
ئىشەنچىڭنى بېرىپ قىرغاققا،
بېسۋەرگىن داغدام يولۇڭنى.

چۆلدە قېلىپ تولغانسام ئەگەر،
كۆتكىن بۇلاق بېشىدا نىگار.
قوغلاپ سېنى يېتىشەلمىسەم،
كۆرسەتمىگىن كۆرسەتمە دىدار.

## ئىزدەش

كېپەنلەيمەن بىزارلىقىمنى،
نازۇك بىلەن يېپىشقانسېرى.
چىشلىرىمنى چىشلەيمەن مەھكەم،
يۈرىكىم زەپ ئېچىشقانسېرى.


ئۆجمە كۆكلۈك كۆكلۈمگە ئايان،
ئىشقىڭنىمۇ ئەيلىمە بايان.
كېلەر تاڭدا چولپان بىلەن تەڭ،
مەن ئىزدىگەن سۆيۈملۈك جانان.



# يوللار

تۇتىشىدۇ بۇ ئۇزۇن يوللار،
جەننەت بىلەن دوزاخقا تەڭلا.
ناخشىلىرىم قالسا ئۈزۈلۈپ،
دوزاخ تامان كېتىپتۇ دەڭلار.

تۇتىشىدۇ بۇ ئۇزۇن يوللار،
قەلبىم بىلەن قەلبىڭگە تەڭلا.
يۈرىكىمدە يانمىسا چىراغ،
جەننەت ئۇندىن كېچىپتۇ دەڭلار.



# ئاي چولپانغا يەتمەيدۇ

ئون بەش كۈنلا كۆرۈنۈپ قويۇپ،
مۆكۈۋالدى تولۇن ئاي ئاستا.
بەرداش بېرىپ ھىجرانغا يەرمۇ،
كۈتتى ئۇنى چىقار دەپ قايتا.

يەر قانالماي ئاي ۋىسالىغا،
ئاي چولپانغا يەتمەسكەن دېدى.
چولپان ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى،
بۇرۇنقىدىن بەكرەك چاقنىدى.



# نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار

نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار،
ئاھلىرىمنى ئاڭلىدىڭمۇ يار؟
يوللىرىڭغا باغلاپ كۆزۈمنى،
يۈرىكىمنى داغلىدىڭمۇ يار؟

نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار،
ئاشىقلىققا تۇغۇلدۇڭمۇ يار؟
يېتەلمىدىم، كېچەلمەي سەنمۇ،
چار يىلاندەك تولغاندىڭمۇ يار؟

نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار،
ناز ئۈيقۇدا يېتىۋالما يار.
باھار بولۇپ ئېرىتەي سېنى،
مۇزلىغاندەك قېتىۋالما يار.

نەپرىتىمدە مۇھەببىتىم بار،
نىقابىڭنى يېپىۋالما يار.
بوسۇغاڭغا كېپقالدىم مانا،
ئىشىكىڭنى ئېتىۋالما يار.

# بار ۋە يوق

چىلان تورۇق ئېتىم بار مېنىڭ،
مىنەي دېسەم ئالتۇن ئىگەر يوق.
چۇلۇۋۇرسىزمۇ دۇلدۇلدەك گويا،
چاپتۇرۇشقا مەندە جىگەر يوق.

يولۋاستىنمۇ بەستلىك قەددىم بار،
قامىتىمگە چۇشلۇق تىلەك يوق.
مايمۇن سالار ئۇسسۇلغا مېنى،
گۆپ-گۆپ سوققان ئوتلۇق يۈرەك يوق.

ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە پەقەت،
مەندىن ئۆزگە ھېچبىر زېرەك يوق.
زىغىرچىلىك بولسىمۇ رىزقىم،
بېرەر ئىگەم مەيلى كېرەك يوق.




# بوش ئورۇن

ئولتۇرىمەن كىنوخانىدا،
كىنو مېنى كۆردىمىكىن تاڭ.
قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ ئاۋاز،
بىلەلمىدىم بولدىمىكىن پاڭ.

بۈگۈن ئاخشام بوش قالدى ئورۇن،
بۇرۇن قىزىپ كېتەتتى پاراڭ.
چاقچاقلىرىم تەگسە جېنىڭغا،
چىمدىپ-چىمدىپ دەيتتىڭ ھەم «ساراڭ».

ئولتۇرۇشقا ئىنتىلدى كۆپلەر،
ساقلاپ قويدۇم جېنىم ساڭىلا.
ئۈنگەندەكلا كېلىسەن چوقۇم،
يىراق سالماس خۇدا ماڭىلا.



# غا ...

دادا يېگەن نېنىم كۆيۈكقۇ؟
ئانام ياققان توقاچلار قېنى؟
بىزگە ئاتاپ قورۇلغان ئاشۇ،
غاراس-غۇرۇس قوماچلار قېنى؟


دادا ئىچكەن ئېشىم سۇيۇققۇ؟
ئانام ئەتكەن ئۈگرىلەر قېنى؟
بىزگە ساقلاپ قويغان ئالتۇندەك،
كۈندۈكتىكى جىگدىلەر قېنى؟

دادا ئۆگەي ئانام سۇرلۇكقۇ؟
كۈلۈپ تۇرغان چىرايلار قېنى؟
سەن بىلەمسەن-بىلمەمسەن ياكى،
يېتىملىكىم قىينايدۇ مېنى.

دادا ئۇنىڭ قەلبى قۇرۇقمۇ؟
بىزگە بەرگەن مۇھەببەت قېنى؟
سۆيگۈ بىلەن ئۇلۇغ تىرىكلەر،
ئۆيىمىزدە ساداقەت قېنى؟

# قۇدۇق بىلەن ئاي

كىرپىۋالار شوڭغۇپ ئاخشىمى،
پاھ، تولۇن ئاي قۇدۇق قويىنىغا.
چېقىۋالار كۆككە تاڭ بىلەن،
سەۋدا سېلىپ ئۇنىڭ ئويىغا.
سەھەر،
يېپىۋالار ئايمۇ يۈزىنى.
قۇدۇق،
ئۈزەلمەيدۇ كۆكتىن كۆزىنى.



# مۇئەللىم

قۇياش بولۇپ نۇرۇڭنى سېپەلەمسەن مۇئەللىم،
سەبىيلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالامسەن مۇئەللىم؟
سەنسىز قالسا بۇ جاھان بىر گۆرىستان ئەمەسمۇ،
گۈلىستان بوپ خۇش پۇراق چاچالامسەن مۇئەللىم؟
قارا-قارا قوي كۆزلەر ساڭا تەشنا ئەمەسمۇ،
شۇ كۆزلەرنىڭ ئىشقىدا كۆيەلەمسەن مۇئەللىم؟
بۇ ئالەمنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئوقۇتۇپ،
ئىلىم-ھېكمەت، جاسارەت بېرەلەمسەن مۇئەللىم؟
شاگىرتلىرىڭ ئارماندا، بويۇن قىسسىپ قالغاندا،
ئۆز بالاڭنى سۆيگەندەك سۆيەلەمسەن مۇئەللىم؟
مەكتەپ چەكسىز بىر باغدۇر، گۈللەش ئۇچۇن ئۇنى سەن،
ھاياتىڭنى، زېھنىڭنى قاتالامسەن مۇئەللىم؟



## بەخت ھەققىدە

بەختلىكتۇر بەخت ئىيماي،
بەختسىزگە بەخت بەرگەنلەر.
بەختسىزدۇر بەختنى بىلمەي،
شۆھرىتىگە تەخت بەرگەنلەر.


بەختلىكتۇر ئەل بەختىنى دەپ،
بەخت كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەنلەر.
بەختسىزدۇر بەختلىكمەن دەپ،
نەپسى ئۈچۈن كۆلۈپ كەتكەنلەر.



# زېمىن

چۆچەك ئېيتىپ بېرەي بىر ساڭا،
ئاڭلا قۇلاق سېلىپ قەلەمقاش.
بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن،
بەختسىزلىك ئىچىدە ياشاش.

كۆزلىرىمدىن قۇرۇمايدۇ ياش،
سىم-سىم ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش.
ھەسرىتىمنى سورىما چۈنكى—
بۇ پاك قەلبىم ساڭىلا تۇتاش.



## يەر شۇنداق دەيمش

دېھقان ئەگەر ئالدىسا مېنى،
مەنمۇ ئۇنىڭدا قويىمەن ئۇنى.
قىر بېشىدا ئۇخلاپ بەھۇزۇر،
خامان ئېلىپ باقسۇنچۇ قېنى.


پاراسەتنى ئايىمىسا ئۇ،
ئۇزۇلمەيدۇ يەيدىغان نېنى.
ئەر ياشايدۇ مېھنىتى بىلەن،
مەن دېھقاننىڭ قېنى ھەم جېنى.



# ئانا كۆڭلى

ئوزۇق بەرمەك بولسا ئانا قۇش،
بالىلىرى كېتەر ۋىچىرلاپ.
بولغىنىدا ئوچۇرما ئۇلار،
ئۇچار كۆكتە شىپ-شىپ شىپىرلاپ.

«بىزلەر قانداق چوڭ ھەم ئوڭ بولغان؟»
ئۆز-ئۆزۈمگە قويدۇم پىچىرلاپ.
كۆڭلى دەريا ئىكەن ئانىنىڭ،
جاپاسىنى كەتمەس زىغىرلاپ.



# ھەيكەل ياساش

ھەيكىلىمنى قاتۇرۇپ لايدىن،
كۆز-كۆز قىلدىم ئۇنى مەن ئايغا.
قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كۆكنىڭ،
تۆكۈلدى ياش، ئوخشىدىم لايغا...

ھەيكىلىمنى ياساپ ئالتۇندىن،
زىننەتلىدىم ئۆيۈمنى ئەنە.
خەۋەر بەرمەي ماڭا شۇم ئوغرى،
ئېلىپ قاچتى ئۇنى ھەسسىنە.

ھەيكىلىمنى ياساپ سۆيگۈدىن،
سۇندۇم زېمىن، تەبىئەت، گۈلگە.
شۇندا كەلدى تاغدىن بىر سادا،
ئەبەدىيلىكتىن بەرگەندەك بەلگە.



# كەپتەرۋازغا

كەسمە!
قانىتىنى كەپتەرنىڭ.
ئاسمىنىدا ئۇچۇۋالسۇن ئۇ...
تاشلا!
قولۇڭدىكى تورىڭنى
ئۆگزىسىنى تېپىۋالسۇن ئۇ...
ياسا!
ئۇۋىسىنى مامۇقتەك،
ئاپئاق-ئاپئاق باچكىلىرىنى
قاتىرىغا قوشۇۋالسۇن ئۇ...



# تونۇر

پىشۇرىسەن گىردە، توقاچنى،
بارچە تەملەر شاھىدۇر تەمى.
بىرەلەمتىڭ دىللارغا لەززەت،
بولمىسا گەر ناۋاينىڭ پەمى.

چىقار نانلار قاتار تىزىلىپ،
پىشىپ، ئۇپۇق كەبى قىزىرىپ.
چالا قىزىپ قالسا ناۋادا،
كېتىدىكەن بەزىسى چۇشۇپ...

ئوخشمايدۇ نېنىڭنىڭ نەرخى،
ئويلاپ قالدىم ئويچىدەك گويا.
بىر پىلەكتە ھەر خىل خەمەككەن،
ئوخشايدىكەن ساڭىلا دۇنيا.



# پارچىلار

ھېچكىم قىلىپ بەرمەيدۇ توققۇزىڭنى تەل،
ھېچكىم قىلىپ بەرمەيدۇ ئوتتۇزىڭنى ھەل.
ھايات كۆلۈپ باقمايدۇ بىلگىن، ئەي يىگىت،
ياشاش ئۈچۈن جاھاندا باغلىمىساڭ بەل.

* * *

دوستلارنى ئالداش خىيانەت بولۇر،
خەلقنى ئالداش جىنايەت بولۇر.
ساختىلىق تونى كىيسە دانامۇ؟
ئۆزىنى ئالداپ ھاماقەت بولۇر.

* * *

ئىنسنى سۆيمىگەن نادان
ۋەتىنىنى سۆيمەس ھېچقاچان.
بۇ سۆزنى بىر ھەقىقەت بولۇپ
داۋاملىشار زاماندىن-زامان.

* * *

غەزىپىڭ كەلگەندە كۆلۈشنى ئۆگەن،
ئېتىڭدىن ئايرىلساڭ مېڭىشنى ئۆگەن.
رەقىبىڭ زور-كۈچلۈك يولۋاس بولسىمۇ
سەن ئۇنى شىر بولۇپ يېڭىشنى ئۆگەن.

* * *

ئىلىم-پەن بېغىغا بولغىن دوستلار جەم،
مۆجىزات ياراتقىن ھارماي دەممۇدەم.
ئاچماستىن ئۇيقۇڭنى ياتساڭ كېرىلىپ،
بىر كۈنى بولىسەن نادانلىققا يەم.

* * *

ياقسا ساڭا ھەر گۈزەل كۆيگىنىڭ شۇ،
بولسا رەنا قېشىڭدا سۆيگۈنىڭ شۇ.
توۋلاۋېرىپ «يارى- يارنى» يار ئۈچۈن،
ئەل-ۋەتەننى ئۇنتۇساڭ ئۆلگۈنىڭ شۇ.

* * *

تىرىشقىن ئۆمرۈڭدە قىلماسقا خاتا،
كىيسەڭمۇ تېنىڭگە كۆرۈمسىز ماتا.
ھەق سۆزلە ھالال يە ئەزىز بۇرادەر،
بېشىڭغا چۈشسىمۇ كۈلپەت ۋە جاپا.

* * *

تۆرەلدىم دۇنياغا پالۋان سۈپەت دەپ ،
ھەرگىز ئۆزۈڭنى كۆرەڭ چاغلىما.
قۇچۇپ شان-زەپەر بولساڭمۇ باتۇر،
بىراۋنى يارىماس دېۋەڭ چاغلىما.

* * *

ياخشىلار ئۇچرىسا پالاكەتكە،
يامانلار دەيدىكەن بەلەن بوپتۇ.

يامانلار ئۇچرىسا ھالاكەتكە،
ياخشىلار دەيدىكەن يامان بوپتۇ.

* * *

ماختانما بۇرادەر بايلىقىڭ بىلەن،
ئوخشاشلا ماڭىسەن ئايىغىڭ بىلەن.
كەمتەرلىك كەمىرىن باغلاپ بېلىڭگە،
ياشىغىن ئادەملىك سىياقىڭ بىلەن.

* * *

سەرۋىدەك بولسىمۇ قامىتىڭ،
قوش-قوشلاپ كەلسىمۇ ئامىتىڭ.
ھاياتتا ھەر ۋاقىت بول پەخەس،
كۆرۈنمەي جىم كېلەر ئاپىتىڭ.

* * *

دوستلار ئارا بولساڭ سىپايە،
قىلار سېنى ھەممە ھىمايە.
مەنمەنچىلىك قىلساڭ قىزارماي،
ئۇلپىتىڭدۇر تەنە - كىنايە.

* * *

زىل، بوم تار تىترىمىسە تەڭ،
مۇڭدا مەيتۇن قىلارمۇ دۇتار.
بىلىنىدۇ كەڭ جاھان قۇدۇق،
دىلى باشقا، ئۇز بولسىمۇ يار.

*　　*　　*


روشەندۇر ھامان ئاۋامنىڭ كۆزى،
مىڭ ھېكمەتكە تەڭ قىلغان ھەر سۆزى.
ئەلنىڭ ھۆكمى ئادىل تارازا،
قويدىنمۇ ياۋاش بولسىمۇ ئۆزى.

*　　*　　*

قاقىلدايسەن توك قاغىدەك توختىماي،
ئاۋارىسەن بۈركۈت كەبى ئۇچالماي.
مەن بولمىسام بەخت ساڭا يار ئەمەس،
دېگىنىڭگە ھەيراندۇرمەن ئۇيالماي.

*　　*　　*

ئىللىتىگە ئۆكۈنمىگەننى،
مىللىتىگە كۆيۈنمىگەننى،
ئادەم دېمە ئادەم بولساڭ سەن،
ھەقىقەتكە ئېگىلمىگەننى.



# سۆيگۈ ناخشىسى

جامالىڭنى سېغىنىپ كۈندە،
ئاخشاملىرى ئايدىڭدا-تۈندە.
چىمەندىكى بۇلبۇل ئۈنىدە،
يۈرىكىمدىن ئېيتىمەن ناخشا.

قاچۇرمىغىن كۆزلىرىڭنى يار،
ئۈزۈلدىمۇ قەلبىڭدىكى تار؟
بىلىندىغۇ ماڭا جاھان تار،
يۈرىكىمدىن ئېيتىمەن ناخشا.


ئۆز-ئۆزۈمگە قالدىم ئوخشىماي،
كۆڭلۈم ئىزدەر سېنى توختىماي.
كۆرۈشكەندە قاچما قارىماي،
يۈرىكىمدىن ئېيتىمەن ناخشا.

سۆيمەك ئاسان، سۆيدۈردۈڭ مېنى،
كۆيمەك قىيىن كۆيدۈردۈڭ مېنى.
ئىشقىڭ بىلەن ئۆلتۈردۈڭ مېنى،
يۈرىكىمدىن ئېيتىمەن ناخشا.

# ھايات

بىر قۇش بولۇپ خىياللىرىمدا،
كۆكتە ئەركىن قاقىمەن قانات.
ئەللەي ئېيتىپ ناخشىلىرىدا،
مېنى ئالداپ كەلمەكتە ھايات.

ئۇ كىملەرنى ئالدىمىغان- ھە؟
باستىم، ئۇزۇن-ئۇزۇن يولۇمنى.
مەنزىلىمگە يەتسەم بىر كۈنى،
ھايات قاتتىق سىقار قولۇمنى.



# ئۇيغۇر قىزى

مۆكۈۋالار بۇلۇت كەينىگە،
جامالىڭنى كۆرۈپ قالسا ئاي.
مېھرىڭ گويا لاۋۇلدىغان ئوت،
تۇرالمايدۇ قۇياش ئۇيالماي.

ئارزۇلىرىڭ يۇلتۇزلارسىمان،
يېنىپ تۇرار تىلەكلىرىمدە.
مۇھەببىتىڭ يىلتىزلارسىمان،
ئورۇن ئالغان يۈرەكلىرىمدە.



# قۇش

ئاسمىنىدا قاقىدۇ قانات،
جۈپ قاناتى قايرىلمىسىلا،
مەڭگۈ شېرىن ئۆتىدۇ ھايات،
يار، ياردىن ئايرىلمىسىلا.

كۆكتە ئۇچاي مەنمۇ قۇش بولۇپ،
يارىم بىلەن قاتار-قوش بولۇپ،
كۆرسە ئالەم پەرۋازىمىزنى،
چاۋاك چالار دىلدىن خۇش بولۇپ.



# يامان

تەقدىرىڭگە تەن بەرگەچكە سەن،
سېنى ئوڭدا قويۇپتۇ تەقدىر.
ئاق چۈشكۈچە ساقاللىرىڭغا،
بىلەلمەيسەن بۇنى ئەي تەقسىر.

ئىزلىرىڭدىن ئىزلىغان ئوغلۇڭ،
سەپىرىدە ئاشمىدى داۋان.
ئاقىللارنىڭ نەسىھىتى شۇ:
ھەممىدىن بەك نادانلىق يامان.



# دېسەڭمۇ

ئەگەر ساڭا يەتمىسە ئەجەل،
ئۆلەلمەيسەن ئۆلەي دېسەڭمۇ؟
كۆزلىرىڭدىن ياغمىسا كۈلكە،
كۈلەلمەيسەن كۈلەي دېسەڭمۇ.

روھىڭ كۆزى بولسىلا نۇرلۇق،
كۆرەلەيسەن كۆرمەي دېسەڭمۇ،
زېھنىڭ تىغدەك بولسىلا ئىتتىك،
بىلەلەيسەن بىلمەي دېسەڭمۇ.

سۇدەك سۈزۈك، غۇبارسىز يارىڭ،
چانالمايسەن چاناي دېسەڭمۇ،
ئۈزۈلگەندە سۆيگۈ زىلتارىڭ،
يانالمايسەن ياناي دېسەڭمۇ.



# قوينۇڭدا باھار

ئاپئاق قار...
ئېسىۋالدىم بوينۇمغا تۇمار.
ئاقلىقىڭدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ،
نېمىگىدۇر بولدۇم ئىنتىزار.

بۆلەكچىلا قىلدىڭغۇ خۇمار،
قەيەردىسەن كۆيدۈرگۈچ باھار؟!
ئۈششۈگەندەك قىلار يۈرىكىم،
بەرگىن جاۋاب چىللىدىكى قار.

«مۈزلىغاندەك قېتىۋالسامۇ،
قۇياش ئانا ئېرىتەر مېنى.
سىڭىپ كەتسەم زېمىن باغرىغا،
باھار ئىزدەپ كېلىدۇ سېنى».



# تىرىلگەن سۆيگۈ

قوشماق ئىدۇق تېخى تۈنۈگۈن،
ئۈن-تىنسىزلا ئايرىلدۇق بۈگۈن.
قەسەملىرىڭ قالدىغۇ يەردە،
كۆرۈشەرمىز ئەتە يا ئۆگۈن.

دەر ھەقىقەت كۆرۈشتۇق مانا،
قوي كۆزۈڭدە لىغىرلايدۇ ياش.
قانات قېقىپ يۈرەر كىملەرگە،
سېنى تاشلاپ كەتكەن باغرى تاش.

خام سۈت ئەمگەن ئىنسان بالىسى،
ئېزىپ قالار بەزەن قەلەمقاش.
سەن يەنىلا قەلبىم كۆكىدە،
چاقناپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشاش.



# بۇ ئاخشام

بارچە يۇلتۇزلار بېرىدۇ سالام،
يارىم ھۆسنۈڭدە ئاپئاق بۇ ئاخشام.
پىچىرلىشىدۇ شاخلاردا ياپراق،
بىر سېنىڭچۈن ياڭراق بۇ ئاخشام.


ئېيتسام-ئېيتساممۇ تۈگىتەلمەيمەن،
دىلىمدا ھەر چاغ بۇلاق بۇ ئاخشام.
سۆيگۈ شارابى ئىچسۇن يۈرەكلەر،
قوي كۆزلىرىڭ ئويناق بۇ ئاخشام.



# ياشىساڭلا

ئەگەر سۇنساڭ بىلمىگەنگە گۈلدەستە،
دەيدۇ، ھەتتا بار ئىكەنغۇ تىكىنى.
ياخشى كۆڭۈل يەردە قالار دەپتىكەن،
زەپ ياراشقان كونىلارنىڭ دېگىنى.

دەسسىۋالساڭ بىلىپ-بىلمەي تىكەنگە،
قايتا ماڭساڭ شۇ يولۇڭنى ياندايسەن.
مېۋىنىڭمۇ بولۇر ئاچچىق، تاتلىقى،
ياشىساڭلا بۇ ھاياتقا قانمايسەن.



# ... قەھرىمانىسەن

ئۆتۈپ كېتەر بارچە ئازابلار،
سەن ئازابنى يېڭەلىسەڭلا.
ساداقتى قالماس ئۈزۈلۈپ.
يارنى دىلدىن سۆيەلىسەڭلا.


قۇچىقىدا ئەللەيلىتەر ئەل،
ئۆمرۈم ئەلگە دېيەلىسەڭلا.
قەھرىمانىنىڭ قەھرىمانىسەن،
ئەلگە مېۋە بېرەلىسەڭلا.



# كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن

دولقۇنلىنار تومۇردا قېنىم،
ياپراقلاردەك تىترەيدۇ تېنىم.
يېۋەتكۈدەك قارايسەن جېنىم،
ساڭا كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىزلىرىمدىن ئىزلاپ قالمايسەن،
يا بىر ئوچۇق گەپمۇ قىلمايسەن.
جىگدە گۈلى پۇراپ قانمايمەن،
ساڭا كۆيۈپ قالغان ئوخشايمەن.



# بۈگۈن ۋە ئەتە

ئوخشىمايدۇ بۈگۈنگە ئەتە،
ئەتە كۈلۈپ كەلمەكتە ئەنە.
بۇ كۈنۈڭنى ئۆتكۈزگىن خۇشال،
ھەسرەت چېكىپ يۈرمىگىن يەنە!
ئازاب دېگەن مەڭگۈلۈك ئەمەس،
مۇقام يولى ئەمەستۇر ئۈزۈك!
سېلىپ قوياي سۈبھى بىلەن تەڭ،
قوللىرىڭغا ئالتۇندىن ئۈزۈك.
سەن ئۆمۈرلۈك بەخت ئىزدىسەڭ،
پاكلاپ تۇرغىن روھ ۋە تېنىڭنى،
جانانىڭنى قۇچاقلىغاندەك،
قۇچاقلاپ ئوت ئانا ۋەتەننى!



# سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش

كۆرۈنگەنگە ئېتىۋەرمە قاش،
قاپقارا قاش ئەمەس ئەسلا تاش.
چۆللەردىمۇ يارىڭ ئۆزۈڭنىڭ،
تۇتۇپ يۈرمە قەدەمدە ئويناش.
ئاشىق-مەشۇق سادىق بولسا گەر،
بولۇپ ئۆتەر ئۆمۈرلۈك يولداش.
ئاداش تۇتۇپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى،
بىلىپ قويغىن ئەمەستۇر ياشاش.
ۋاپا سۆيگەن ئوغلان بولساڭلا،
ئاق چاچ ئاناڭ يەنىلا ياپياش.
يىگىت بولساڭ سۆيگىن يارىڭنى،
ۋەتىنىڭنى سۆيگەنگە ئوخشاش.
پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ،
سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش.



# ئىككى ئانا ھەققىدە

ئىككى ئانا ئىككى خىل دۇنيا،
بەرمىسەڭچۇ بۇ كۈننى خۇدا.
ئۆز-ئۆزۈمنى بىلگەندىن تارتىپ،
ئەسلەپ كەلدىم سېنى جان ئانا.

ئايرىۋەتكەن سەن بىلەن بىزنى،
بىلەلمىدىم قايسى بىۋاپا.
شۇندىن تارتىپ يېتىم بېشىمغا،
چۈشتى نى-نى ئەلەم ۋە جاپا.

ئانا دەيمەن تىلىم ئۇچىدا،
ئۆگەي ئانا بولمىغىن خاپا.
سۆيگۈ گۈلى ئاچمايدۇ پورەك،
ئادەملەردە بولمىسا ۋاپا.

ياسىنىشىڭ توزنى تاڭ قىلار،
قىلىۋاپسەن بۇ ئۆينى قامال.
يىلان باغرى موخوركا ئىسى ...
تېپىلماسمۇ بۇ دەردكە ئامال.

پۇرىۋالدىم ئانام ھىدىنى،
كۆرۈنمەكتە ئۇنىڭ قارىسى،
ئىشەن ئەمدى ئۆگەيلىكىڭگە،
بىزلەر ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى!

# ئانا يۇرت

جەننەتتە ھۆر-پەرى ئېيتارمىش غەزەل،
ئېرىقى ئىچىدە ئاقارمىش ھەسەل.
ھەر كۈنى تۇغۇلار رىۋايەت، مەسەل،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

خۇش پۇراق چاچىدۇ ئوتلاق-يايلىقى،
كۆمۈلۈپ ياتىدۇ چەكسىز بايلىقى.
تۇلپاردەك چاپىدۇ تاگنا تايلىقى،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

ھەيۋەتلىك ئاقىدۇ ئىلى، زەرەپشان،
ئوغلانلار قۇچىدۇ كۈندە شەرەپ-شان.
تېنىمدە بولسىلا ئامانەت بۇ جان،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

مەڭگۈلۈك مۇڭ كۈيدۇر ناخشا، مۇقام، ساز،
كۈمۈشتەك كۆللەردە ئاق قۇ بىلەن ياز.
جىلۋىسى ئالەمچە بۇ يەردىكى ياز،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

يىگىتى سادىردەك ئوت يۈرەك پالۋان،
قىزلىرى كۆز يېغى يەيدىغان جانان.
يۇلتۇزغا تۇتاشقان يۇلتۇزدەك ئارمان،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

ئەمگەككە، كۈرەشكە تۈرۈلگەن بىلەك،
چېچەكلەپ تۇرىدۇ دىللاردا تىلەك.
مەنزىلنى قوغلىشىپ چاپار ھەر يۈرەك،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.

ھىممەتلەر توشۇيدۇ توختىماي كارۋان،
بولسىمۇ يوللاردا تىك قىيا، داۋان.
نىگاردەك كەڭ قۇچاق ئاچار بۇ دەۋران،
مەن دەيمەن ئانا يۇرت جەننەتتىن گۈزەل.



# يىلتىز

يىلتىزى يوق ئادەم دېگەننىڭ،
يۈرىدۇ ئۇ باغدا ھەم تاغدا.
ئۇنتۇمسۇن ئۆتكەن كۈننى،
بېشى كۆككە تاقاشقان چاغدا.

يىلتىزى يوق ئادەم دېگەننىڭ،
تىكىپ قويسا تىرىلمەس ئۆلۈك.
ئەل ئوتىدا كەتمەنلەنگەنلەر،
ھەر يۈرەكتە ئەبەدكە تىرىك.

يىلتىزى يوق ئادەم دېگەننىڭ،
ئۇق يىلتىزدۇر ئاڭا جان ۋەتەن.
مېۋە تۆكۈپ تۇرغان ئۈجمىنىڭ،
تومۇزدىمۇ سايىسى بەلەن.



# يىللار

يېڭى يىلدا يېپيېڭى تىلەك،
تىلەي دېمەن ساڭا ئەي يۈرەك.
كۈتمەك بولسا مېنىڭدىن سادا:
«ئەرگە ئەردەك جاسارەت كېرەك».

يېڭى يىلدا ئالەمچە تىلەك،
تىلەپ كەلدىم تەڭرىتاغ ساڭا.
مېنى ئەللەي ئەتكەن بۆشۈكسەن،
قوينۇڭ جەننەت گۈلباغدۇر ماڭا.

ياش تۆكمىدىم يىللار ئالدىدا،
يىللار يۈرمەس ھېچكىمنى بەزلەپ.
رەھىمسىزكەن دېگۈم يوق ئۇنى،
ئۇمۇ چاپار مەنزىلنى كۆزلەپ.

بىزگە قۇرۇق ھاسا بەردىڭ دەپ،
تاپا-تەنە قىلماس ئاتىلار.
ئاق يۆگەككە يۆگەپ ئۈمىدنى،
ياشاپ كەلدى ئۇلۇغ ئانىلار.

# بۇ باھاردىمۇ

لەپ-لەپ ئۇچۇپ بۇ باھاردىمۇ،
كۆل-كۆللەرگە قوندى ئاق قۇلار،
ئانا يەرنىڭ تويى بۈگۈن دەپ،
چۆل-چۆللەردە چاپتى ئاھۇلار.

سۆيۈپ قاچار يۈزلەرنى شامال،
مەجنۇنتاللار تارار چېچىنى،
قىز كۈتىدۇ يارىنى باغدا،
ئەگىم-ئەگىم قويۇپ قېشىنى.

كۆكسى دەريا تولۇن ئاي ئانا،
ئېتىپ قويدى نورۇز ئېشىنى،
ئۇ ئارزۇلار يۇلتۇزلار بىلەن،
ئاسمىنىدا بىللە ئىچىشنى.

باھار، باھار مۇھەببەت دېمەك،
مۇھەببەتكە تولسۇن ھەر يۈرەك،
شىر-شىر ئاقار ھايات بۇلىقى،
گۈل-گۈل بولۇپ ئېچىلسۇن تىلەك.

# ئەي قىز

قىرىق ئۆرۈم ئۆرۈپ چېچىڭنى،
رەستىلەرنى چىقتىڭ ئارىلاپ،
بارچە كۆزلەر تىكىلدى ساڭا،
تومۇزدىكى قۇياشتەك چاقناپ.

تۇرۇم-تۇرۇم چېچىڭ كېسىلگەن،
ئەپ قاچتىمۇ ئۇنى قاراقچى،
بارچە دىللار تەئەججۇپ بولۇپ،
رەستىلەردە بولدى سوراقچى.

بويىۋاپسەن چېچىڭنى ھەررەڭ،
يارىشىپتۇ ھۆسنىڭگە دېمۇ؟!
كۆنۈپ قاپتۇ «تووۋا» تىللارغا،
تۇرالمىدىم ھەسرەت يېمەيمۇ.



# كوچا

كىچىكلەرنى چوڭ قىلغان كوچا،
تەتۈرلەرنى ئوڭ قىلغان كوچا.
كۆڭۈللەرنى سىلىپ لەرزىگە،
مۇقامچىدەك مۇڭلانغان كوچا.


يىقىلغاننى يۆلىگەن كوچا،
گال پىچاقنى بىلىگەن كوچا.
«ئەزىز جانلار ئامان بولسۇن دەپ»
ياخشى تىلەك تىلىگەن كوچا.

نىمەتكە باي ھېكمەتلىك كوچا،
ئەزەلدىنلا ئەزمەتلىك كوچا.
قوينى گويا جەننەت مىسالى،
خويمۇ كاتتا ئىززەتلىك كوچا.

خانتەڭرىگە يانداشقان كوچا،
تارىم بىلەن تۇتاشقان كوچا.
سېنى ھېچكىم تاركەن دېيەلمەس،
ئىسمىڭ، جىسمىڭ ياراشقان كوچا.

# ئادىللىقتۇر ئادەمدەك ياشاش

خىيال قۇشۇم كەزى جاھاننى،
يۇرسەم دەيمەن چىمەنلەر بويلاپ.
ئاي يۈزۈڭدىن ياغمىسۇن غەملەر،
كۈلگىن جېنىم دىلدىن قاقاقلاپ.
ئايغىڭنىڭ ئاستىدۇر جەننەت،
تېپىلمايدۇ ئىككىنچى ۋەتەن.
ۋاپاسىزلىق قىلسا گەر روھىڭ،
ئىسكىلىتتۇر بەربىر بۇ تەن.
تىكىننى يوق دېمىگىن گۈلنىڭ،
توققۇزى تەل بولماس ئادەمنىڭ.
ئەگرى-توقاي بولىدۇ يوللار،
رەڭۋازلىقى كۆپتۇر ئالەمنىڭ.
چېچىلغۇم يوق، چېچىلمىغىن يار،
قەلبىڭ گويا چىمەنگە ئوخشاش.
ئادىللىق... دەپ سوراپ قالدىڭ-ھە؟
ئادىللىقتۇر ئادەمدەك ياشاش.




# سېنى سورىسام

سۈكۈناتقا چۈمۈپتۇ باغلار،
سورىسام يار سېنى گۈللەردىن.
بېلىقلارمۇ سۈرمىدى زۇۋان،
سورىسام يار سېنى كۆللەردىن.

ئاق توشقاندەك ئاپئاق تولۇن ئاي،
سېنى كۆردۈم دېمىدى زىنھار.
ئىزدەپ-ئىزدەپ ھارمىدىم ئەسلا،
ئەجەب قىلدىڭ بۇ دىلنى خۇمار.

ئېسىۋالغىن بوينۇڭغا تۇمار،
يوللىرىڭغا بولدۇم ئىنتىزار.
بۇ يۈرەكنىڭ قات-قاتلىرىدا،
دەريا-دەريا مۇھەببىتىم بار.



# ئۈزۈلمەس ئۈمىد

ھەر ئاخشىمى چۈش كۆرىمەن، چۈشۈمدە،
يارىم بىلەن شادلىنىمەن ئۆيۈمدە.
ئويغىنىدۇ قۇچىقىمدا ياستۇقۇم،
ئاشىق ئۇچۇن بۇمۇ دەھشەت ئۆلۈمدە.

ئۆز نىگارىم بىر مېنىڭلا گۈلۈمدە،
ئىزدەپ كەلدىم يارنى چەكسىز سۆيۈمدە.
ئۈمىدىڭنى ئۈز دېيەلمەس شەيتانمۇ،
يۈرەرمىدۇ يارمۇ مەندەك كۆيۈمدە.



# مۇقام


مۇقام سايرىسا،
يۇلتۇزلارغا يېتەر ساداسى،
توختاپ قالار قۇشلار ناۋاسى،
سىلاپ قاردەك ساقاللىرىنى،
قۇياش بوۋا ئۇنىڭ ھەمراسى.
كۆكۈللەرنى يايراتقان مۇقام،
بۇلبۇللارنى سايراتقان مۇقام.

مۇقام ياڭرىسا،
يۈرەكلەردە ئۇچقۇنلار ئارمان،
دەرمانلارغا قوشۇلار دەرمان،
تەبىئەتنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ،
پەرۋاز قىلار باغلاردا جانان.
توغراقلارنى ياشارتقان مۇقام،
يۇلغۇنلارنى قىزارتقان مۇقام.

مۇقام مۈڭلىنىسا،
يىغىسىدىن توختايدۇ بوۋاق،
مەست بوپقالار گۈل-گىياھ، شىۋاق
مۇڭلانغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن،
ئەمما ئەلنىڭ يۈرىكى ئويغاق.

كۆيى مەڭگۈ ئۆزۈلمەس مۇقام،
تەڭرىتاغدەك مۇقەددەس مۇقام.

مۇقام داڭلانسا،
يىراقلارغا كېتىدۇ داڭقى،
بولغاچ ئۇنىڭ ئەنبەر پۇراقى،
ئۇ ئەمەسمۇ بارچە دىللارنىڭ،
تورۇسىدا يانغان چىراغى.
تارىم كەبى سۇپسۈزۈك مۇقام،
دۇنيا بىلەن ھەمشىرىك مۇقام.



# ئادەم بىلەن شەيتان

(شېئىرىي چۆچەك)

ئەتىيازدا-باھاردا ئادەم،
كېتىۋاتسا يولدا خىيالچان.
يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك گويا،
ئۇچراپ قاپتۇ ئۇنىڭغا شەيتان:

«چۆمۈلۈپسەن غەملەر كۆلىگە،
ئېيتقىن قېنى سەۋەبىڭ قايان؟
مەقسىتىڭنى نىشانىڭنى بىر،
قىلىپ باققىن ماڭىمۇ بايان».

— ئىنسانلارنى ئاچ قالمىسۇن دەپ،
تىرىكچىلىق قىلىشقا ماڭدىم، —
دەپتۇ ئادەم ئۇچۇق كۆڭۈلدە،
مانا ساڭا يولۇقۇپ قالدىم.

«مەنمۇ بولسام شېرىكىڭ سېنىڭ»،
دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ شەيتان.
ئۇلار چامغۇر تېرىماق بولۇپ،
يوللىرىغا بولۇپتۇ راۋان.

ئارىدىن ئاي ئۆتكەن چېغىدا،
چامغۇر كۆكى كۆكلەپتۇ راسا.
— كۆكىگە تۇرامسەن، كۆتىكىگىمۇ؟
ئادەم شەيتاندىن سوراپتۇ باشتا:

كۆكلىرىگە قاراپ چامغۇرنىڭ،
«مەن كۆكىگە تۇرىمەن» دەپتۇ.
كېلىشكىنى بويىچە ئۇلار،
شۇ بويىچە بۆلۈشمەك بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارىدىن ئادەم،
چامغۇرلۇقنى قېزىپ كېتىپتۇ.
نەپسى يامان شەيتانغا بولسا،
دۆۋە-دۆۋە كۆكىلا قاپتۇ.

غەزىپىگە پايلىماي شەيتان،
«تېرىپ باقساق يەنە بىر» دەپتۇ.
تەلپىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ،
ئۇلار يەنە بۇغداي تېرىپتۇ.

بۇغداي راسا ئوخشىغان چاغدا،
ئادەمنى بىر بابلىماق بولۇپ،
«كۆكىگە تۇرامسەن، كۆتىكىگىمۇ؟»
دەپ سوراپتۇ شەيتان خۇش بولۇپ.

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر نەرسە دېگىن،
دەپتۇ ئادەم ئاشقىنى مېنىڭ.
«بۇ يىل تۇردۇم كۆتىكىگە مەن»،
دەپتۇ شەيتان كۆكىدۇر سېنىڭ.

پۇتلۇشۇپتۇ ئىككىسى بىردەك،
ئەللىك كۈندە پىشىپتۇ بۇغداي.
كېسىۋېلىپ باشاقنى ئادەم،
غول،كۆتەكنى قويۇپتۇ هاي-هاي.

پۇشايمانغا قاچا تاپالماي،
ئۆكۈنۈپتۇ شەيتان بىر مەھەل.
قىش كېتىپتۇ ئەتىيازدا ئۇ،
تىللىرىدىن ياغدۇرۇپ ھەسەل:

«بۇ يىل يەنە شېرىك بولۇشۇپ،
تېرىپ باقساق بىر نەرسە» دەپتۇ.
ئادەم ئاڭا رازىلىق بېرىپ،
— قوناق تېرىپ باقايلى،— دەپتۇ.

قوناق ئۈنۈپ يېشىل مەخمەلدەك،
غول تارتىپتۇ ئاجايىپ بەلەن.
بۇنى كۆرۈپ شەيتان ئادەمگە،
دەپتۇ غەيرى نىيىتى بىلەن:

«مەن تۇرىمەن بۇ زىرائەتنىڭ،
كۆكى بىلەن كۆتىكىگە تەڭ.
چاغلىمىغىن ئۆزۈڭنى ئاقىل،
ئەمدى ساڭا ئېلان قىلدىم جەڭ».

— خاھىشىڭچە بولسۇن يەنىلا،
دەپتۇ ئادەم تەمكىنلىك بىلەن.
قىزىرىپتۇ قوناقمۇ پىشىپ،
ئىككى ئايلا ئۆتكەندىن كېيىن.

قوناقلارنى ئۈزۈپ بىرمۇبىر،
شاخ، كۆتەكنى قويۇپ شەيتانغا.
خوسۇلىدىن شادلىنىپ ئادەم،
راۋان بوپتۇ ئاندىن يولىغا.

بۇنى كۆرۈپ شەيتان غەزەپتە،
ئۆز-ئۆزىگە بېرىپتۇ قەسەم:
«ئادەم بىلەن بەسلىشىپ ھەرگىز.
بۇ بېشىمغا سالمايمەن ئەلەم».

# ئۇنتۇلغان ناخشا

ئېسىمگە كېپقالدى بىر ناخشا،
يار بىلەن ئىككىمىز تەڭ ئېيتقان.
تۇندىكى مەشئەلدەك ئاشۇ كۈي،
قەلبىمىز كۆكىنى يورۇتقان.

ئېسىمگە كېپقالدى بىر ناخشا،
يار بىلەن ئىككىمىز تەڭ ئېيتقان.
شۇ ناخشا مۇڭىدىن بۇلبۇللار،
ئېسىنى يوقىتىپ مەست بولغان.

ئېسىمگە كېپقالدى بىر ناخشا،
يات يىگىت شادلىنىپ ئېيتقاندا.
ئاھ ئۇرۇپ تولغاندىم ھەسرەتتە،
شۇ يىگىت باغلاردىن قايتقاندا.

بىلمىدىم قايسى چاغ بۇ ناخشا،
ناتونۇش يىگىتنىڭ بوپقالغان.
ھە، بىلدىم قەدىردان نىگارىم،
شۇ مۇڭلۇق ناخشىنى ئېپقالغان...

# نورۇز قىزى

ئۇسمىسىنى قويۇپ قېشىغا،
خېنىسىنى يېقىپ قولىغا.
يۈرەكلەرنى مەھلىيا قىلىپ،
ئېپار چېچىپ كەلدى يولىغا.

كۆكتە قۇشلار پەرۋازى بىلەن،
باسالمىدى كۆڭۈل خۇشىنى.
ئەسسالام دەپ ئاڭا مەجنۇنتال،
يېنىككىنە ئەگدى بېشىنى.

ئۈزۈپ يۈرەر قوشماق ئۆردەكلەر،
ئېقىن سۇلار شۇنچىلىك ئويناق.
بۇلبۇللارنىڭ جورىسى بولۇپ،
ناخشا ئېيتار سۈپسۈزۈك بۇلاق.

كېپىنەكلەر چىمەنلەر ئارا،
باشلىۋەتتى ساما ئۇسسۇلى.
ئېتىزىغا ماڭغان دېھقاننىڭ،
خىيالىدا مىڭ خىل ھوسۇلى.

پېچىرلىشار ئاشىق-مەشۇقلار،
بوستانلاردا شېرىندۇر سۆزى.
نازلىرىدىن نورۇز قىزىنىڭ،
چاقناپ كەتتى قۇياشنىڭ كۆزى.

كەتتى قارا تۇنلەر قىسقىرىپ،
باردى يورۇق كۈنلەر ئۇزىرىپ.
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ هاي-هاي،
شوخ باللار يۈرەر بەسلىشىپ.

نورۇز قىزى قۇچىقىدىكى كەڭدۇر،
مەستانىدۇر ساڭا بۇ جاهان.
ئۆتلىرىڭغا بېرەلمەي بەرداش،
ئېرىپ كەتتى مانا زىمىستان...




# تەقدىر

تەقدىر، تەقدىر دېگەنلەر،
تېخىچىلا يولدىكەن.
كەل دېگەنگە كەلمەيدۇ،
تەقدىر دېگەن قولدىكەن.

تەقدىرىڭگە تەن بەرسەڭ،
تۇرالمايسەن ئورنىڭدىن.
چۈلۈكىمۇ بار ئۇنىڭ،
يېتىلەيدۇ بۇرنۇڭدىن.

تەقدىرىڭگە تەن بەرمە،
ئۇرغىن ئۇنى يەرگە سەن.
تەقدىر كۈلۈپ بىر تاتلىق،
دەيدۇ قالتىس ئەرغۇ سەن.




# كوچىدىكى تىلەمچى بالا

ئۇلتۇرىدۇ قارىنىڭ ئۈستىدە،
چۆچۈرىدەك تۈگۈلۈپ بالا.
كۆزلىرىدە موھتاجلىق نۇرى،
ئۆز-ئۆزۈمگە دېۋەتتىم: خۇدا...

— ئاناڭ قەيەردە؟
— ئانام يوقدە، دېگەنتى ئانام.
— ئاتاڭ نەدە؟
— ئاتام بارمىش يىراق بىر يەردە...

بارمۇ ئېغىر بۇنىدىن قىيىن ئىش،
سورىيالمىدىم سوئالنى يېنىش.
تىلەكلىرىم ئۇچتى ھاۋاغا،
ئۇنى يەنە كۈتمىسكەن قىش...



# دىيانەت ۋە خىيانەت

ئىنساپ بىلەن خىيانەتنى تەڭ،
بېرىپتىكەن ئىنسانغا خۇدا.
مەن ئادىمىي ۋىجدانىم بىلەن،
قىلاي ئەمدى شۇنداق ئىلتىجا:

ئايرىمىسۇن مېنى ئىلاھىم،
ئىنسابىمدىن ـ دىيانىتىمدىن.
ھەر بالالار كەلسە بېشىمغا،
مەن كۆررۇرمەن خىيانىتىمدىن.



# بەخت دېگەن

بەخت دېگەن ئەخمەق قۇش ئەمەس،
ئۇچۇپ كەلمەس ئۆزى ئالدىڭغا.
تۇتقىن بۇنى ئېسىڭدە ئۇكام،
سېلىپ قوياي بۇنى يادىڭغا.


مەن كۆرمىدىم بەخت قۇشىنى،
لېكىن كۇندە ئىزدەيمەن ئۇنى.
دۇنيا دېگەن بىر پارچە ئېتىز،
نېمە تېرىساڭ ئالارسەن شۇنى.



# بىر چوكانغا

نان ساتقانغا بولمىغىن خىجىل،
قان ساتىدۇ بەزىلەر سىجىل.
ساڭا موهتاج بولۇپ كەلگەنلەر،
چىن دىلىدىن بولىدۇ ئىجىل.

نان ساتقانغا بولمىغىن خىجىل،
ۋىجدان سېتىپ يۈرگەنلەرمۇ بار.
تىرىكچىلىك كۈرەش دېمەكتۇر،
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلەرمۇ بار.



## دەيمەن

كۆزى ئوچۇق كەتكەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى ئۆلمىدى دەيمەن.
خۇشامەتتە كۈلگەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى كۈلمىدى دەيمەن.

مۇھەببەتتە كۆيگەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى بىقارار دەيمەن.
مەشۇقنى كۈتكەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى ئىنتىزار دەيمەن.


ھاياتقا گۈل تۇتقانلار ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى قەھرىمان دەيمەن.
ماماتقا قاش ئاتقانلار ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى بىئىمان دەيمەن.

ۋەتىنىدىن كەچكەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى ۋەتەنسىز دەيمەن.
غازنى ئۆردەك دېگەنلەر ئازمۇ؟
مەن ئۇلارنى بەك پەمسىز دەيمەن.

# ئۈمىد ناخشىسى

ئۈمىد بىر قاناتتۇر ھەربىر ئىنسانغا،
تۇتسا كىم ئۇنى چىڭ، يېتەر ئارمانغا.
ئۈزىنى ۋىجدانلىق چاغلىغان يىگىت،
چىن ئۈمىد گۈلىنى تۇتار جانانغا.

ئۈمىدسىز شەيتان دەپتىكەن ئەجداد،
بۇ ھېكمەت ھەممىگە بولسۇن جۇپ قانات.
ئۈمىد ئۇ بەخت بىلەن قوشكېزەك،
ئۈمىدنىڭ قوينىدا گۈللىسۇن ھايات.



# ئۆزۈڭنىڭ ئىشى

ئاي بولامسەن، لاي بولامسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،
بولىدىكەن بۇ ھاياتنىڭ باھار ھەم قىشى.
باي بولامسەن ياكى گاداي باغلىق دىتىڭغا،
بۇنى ھېكمەت قاتارىدا بىلسۇن ھەر كىشى.

ياخشىلىقنى قىلالمىساڭ قىلما يامانلىق،
نادانلىقنىڭ چاپىنىنى ئەمدى تاشلىغىن
بۇ زېمىنىنىڭ باغرى ساڭا ئانا قۇچىقى،
ئەل-ۋەتەنگە ئامانلىقنى تىلەپ ياشىغىن.



# بۇ هايات

پىشىپ يەنە شاخ-شاخلاردا غورىلار،
مەي باغلىغان ئۆرۆكلەردىن قاق چۆشتى.
تۆنۆگۆنلا ۋەللەي ئويناپ يۆرەتتۇق،
بۆگۆن مانا قارا چاچقا ئاق چۆشتى.

قەدىرلەڭلار ۋاقىت ئۆتەر قۇيۇندەك،
ئەي باللار قالسۇن بىزدىن بۇ ساۋاق.
چۆمۆلۆڭلار ئىلىم-ئىرپان كۆلىدە،
تاشقىن سۇدەك ئۆتىدىكەن بۇ هايات.



# قىشتىكى سېغىنىش

گۈلچىمەنلەر مۇگدىشىم بولسا،
قۇشلارمۇ ھەم سىردىشىم بولسا.
ھېچكىم يېتىم دېيەلمەس مېنى،
باھار ئانا سۆيىمەن سېنى.

يىراقلىدى چىللە، زىمىستان،
كۆرۈنمەكتە ئەنە گۈلىستان.
يايرىماقتا بارچىنىڭ جېنى،
باھار ئانا سۆيىمەن سېنى.


ناخشا ئېيتار بۇلاقلار تىنماي،
ئۇسسۇل ئوينار شىۋاقلار ھارماي.
ئۇرغۇماقتا ئاشىقلار قېنى،
باھار ئانا سۆيىمەن سېنى.

ئازاب چېكىپ يۈرگۈم يوق مېنىڭ،
سەنسىز زادى كۈلگۈم يوق مېنىڭ.
ئەللەي ئېيتىپ قويساڭچۇ مېنى،
باھار ئانا سۆيىمەن سېنى.

# شەبنەم

سۇبھى بىلەن تۇرۇپ ئورنىدىن،
يۇيۇپ قويار گۈللەر يۈزىنى.
خۇش پۇراقلار تارقىتىپ گۈللەر،
شۇنچە گۈزەل سېزەر ئۆزىنى.

ئورماندىكى بارچە دەرەخلەر،
قىلار ئۇنىڭ ياخشى سۆزىنى.
يۇسام دەيمەن نۇر شەبنەم بولۇپ،
نادانلارنىڭ خىرە كۆزىنى.



# ھايات سۆيگۈسى

سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈش باردۇر جاھاندا،
بۇ ھايات سۆيگۈسى سۆيدۈردى مېنى.
ھەر ئادەم ياشاركەن ھەر خىل ئارماندا،
ئانا يۇرت ئىشقىدا كۆيدۈردى مېنى.

كۆيمىگەن بىلەمدۇ كۆيۈك دەردىنى،
كۆيۈشمۇ بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىكەن.
بولسىمۇ بىپايان ھايات ئېتىكى،
بىرشاختىنا ياشاركەن گۈل بىلەن تىكەن.



# يۈرەكتىكى سۆز

تارىم
سۆزۈككىنە بىر تامچە بولۇپ،
سىڭىپ كېتەي دولقۇنلىرىڭغا.
تەكلىماكان
كىچىككىنە قۇم بولۇپ،
تاۋلىنىمەن يالقۇنلىرىڭدا.
تەڭرىتاغ
ساڭا سەجدە قىلغاندەك گويا،
سەجدە قىلاي پالۋانلىرىڭغا.



# نەزمر

بۇرۇن ھەربىر ھويلا-ئارامدا،
ھەر سەھەردە چىللايتتى خوراز.
تاڭ نۇرىدىن خۇش-خەۋەر بېرىپ،
مۇقامچىدەك چېلىپ مۇڭلۇق ساز.

بۇرۇن ھەربىر ھويلا-ئارامدا،
قاراۋۇللۇق قىلاتتى ئىتلار.
كەچ-كەچ ئوچۇق بولسىمۇ ئىشىك،
دەردتە قالار ئىدى ئوغرىلار.

بۇرۇن ھەربىر ھويلا-ئارامدا،
چاشقان ئوۋلاپ يۈرەتتى مۈشۈك.
ئېتىزىدىن قايتقان دېھقانىنىڭ،
ئارامىمۇ بولاتتى تۈزۈك ...



# بولماس

مەنزىللەردىن يانغىلى بولماس،
ئەل-ئاۋامدىن چانغىلى بولماس.
ئۈزۈلسە گەر ساتارنىڭ تارى،
ئۇنى مۈگلۈق چالغىلى بولماس.

ئەگرى يولدا ماڭغىلى بولماس،
ئىدىيىنى تاڭغىلى بولماس.
ۋەتەن، ۋەتەن يۈرىكىمدە سەن،
سەندىن ئەسلا تانغىلى بولماس.



# بىر چىمدىم توپا

ئاتام ئېتىمنى بەختىيار قويغان،
مېنى دوستلىرىم بەختسىز دەيدۇ.
بالام بىر ماگا ئەقىدە قىلغان،
لېكىن ئۇ مېنى تەختسىز دەيدۇ.


«بەخت تەر بىلەن، تەخت ئەر بىلەن»
دەپتىكەن بوۋام، كۆلۈپ يەر بىلەن.
چىمدىم توپىمۇ گېزى كەلگەندە،
ئۆلچىنەر ئالتۇن مىسقال سەر بىلەن.



# خامان

ئېتىزىمغا بۇغداي تېرىسام،
بېسىپ كەتتى ئۈنى ئارپىخان.
بوي تارتمىدى بۇغداي بۇغدايدەك،
باشاقلىرى كۆرۈنەر ئاران.

بىر ياخشىغا جور بولسا يامان،
پېلىكىدە يىگىلەر ئارمان.
ھەسرىتىمگە هاي بەردىم يەنە،
دان، سامانىنى ئايرىدۇ خامان ...



# بۇ باغدا ...

باغنى باغۋەن قىلمىسا پەرۋىش،
يارالامدۇ تىللارنى يېمىش.
تامشىپ-تامشىپ يەيسەن بۇرادەر،
تېتىدىمۇ ئاغزىڭغا كىشمىش؟!

سەرخىل مېۋە باردۇر بۇ باغدا،
ئەڭ يامىنى بىلمەسكە سېلىش.
ئىزدەپ يۈرمە جەننەتنى دوستۇم،
بىزنىڭ بۇ باغ ئەمەسمۇ بېھىش؟!



# ياز ئاخشىمى

بىر پەرۋانە باراڭ ئاستىدا،
چېكىپ قويدى تەمبۇر تارىنى.
كەتكۈسى يوق بۇ سورۇندىن ئۇ،
تاپقىنىدەك گۈزەل يارىنى.

ئەگىدى ئۇ سازچى بېشىدا،
ئال قولۇڭغا سازنى دېگەندەك.
كۆز يۇممىدى ئۇمۇ بىر كېچە،
بۇ لەرزان كۈي، مۇڭنى بىلگەندەك.



# كاككۇك بولسالڭ ...

ياز قوينىدا ئىسسىدىم دەيسەن،
زىمىستاندا تىترىدىم دەيسەن.
ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئىقىن سۇلاردەك،
ئەي قېرىنداش بۇنى بىلەمسەن؟!

تەرلىگەنگە قالامسەن ئۆلۈپ؟!
توڭغىنىڭدا ئاتەشىڭنى تاپ!
كاككۇك بولسالڭ بۇ جەننەتتە سەن،
زەينەپ ئاتلىق قۇياشىڭنى تاپ!



# پەرق

سار پەلەكتە ئۇچقىنى بىلەن،
لاچىن بولۇپ توشقان سوقالماس.
ئۆز تىلىدا سايرايدۇ قۇشلار،
قاغا مەڭگۈ بۇلبۇل بولالماس.

قاقىلداشتۇر قاغىنىڭ ئىشى،
ئۇزۇلمەيدۇ بۇلبۇل ناخشىسى.
ئەتىۋارى بىلەن ياشاركەن،
نەگە بارسا ئادەم ياخشىسى.



# قىشتىكى بېلىق

قەھرىتان
مۇزلاتسىمۇ ئۆنىڭ تېنىنى،
توڭلاتماستىن روشەن كۆزىنى،
قاتقان مۇزنى نوقۇپ ئاغزىدا،
ئۇ قۇياشقا ئاتار ئۆزىنى.
ھاپ-ھاپ ئېچىپ ئاغزىنى بېلىق،
چۇقان سالار بېلىق تىلىدا،
بېلىقجانلار يۇلتۇزلارسىمان،
چېچەكلەيدۇ ئۇنىڭ دىلىدا.
بارلىق ئازاب، شادلىقلىرى ھەم،
ئۆزۈپ يۈرەر دولقۇنلار ئارا...
قەھرىتان...
قاتقان مۇز
ئېرىمەكتە قۇياش نۇرىدا.



# يىلان ۋە ئادەم

چېقىۋالار يىلان زۇۋانسىز،
ئادەم دېگەن زۇۋانى بىلەن.
پورەكلەيدۇ ئادەم ئۇبرازى،
ياشىسا گەر ۋىجدانى بىلەن.

ھېچ گەپ ئەمەس يىلان چېقىشى،
ئۆتۈپ كېتەر ۋاقىتلىق ئازاب.
ئادەملەرگە لىق تولغان دۇنيا،
ياشا ئەقىل كۆزىدە قاراپ.



# ئازاب دەرياسى

ھايات ئىكەن ئازاب دەرياسى،
ئېقىپ باقتىم دولقۇنلىرىدا.
ئۇيغۇر قىزى ئۇيغۇر رەناسى،
پارە بولدۇم يالقۇنلىرىڭدا.

تۈگىمەيدۇ ھايات غۇۋغاسى،
تارتالمايدۇ ھېچكىم سوراققا.
چۈمبىلىنى ئالمايدۇ ۋىسال،
چىدىمىسا ھەسرەت، پىراققا...



# هامان بىر كۈنى

چۈشىنىسەن تىلەكلىرىمنى،
چوغدەك يانغان يۈرەكلىرىمنى.
ھەمدە ماڭا ئايلىنىپ كەتكەن،
بوۋام ئېيتقان چۆچەكلىرىمنى.

تاغلىرىمنى تاغدەك كۆرەيمەن،
باغلىرىمنى باغدەك سۆيەيمەن.
ئەي ۋەتىنىم ئىشەنگىن ماڭا،
سېنى جاندىن ئەزىز كۆرەيمەن.

يوقاپ كېتەر يوقسۇزلۇق دېگەن،
بىزگە قۇچاق ئاچار گۈلچىمەن.
ۋىسالىغا يېتەرمەن يارنىڭ،
ياشىسا مىڭ مۇھەببەت بىلەن.



# ۋەتەن سۆيگۈسى

كۆرۈندۇ جەننەت سىياقى،
يانتاق تۇۋى تورغاي كۆزىگە.
ئۆز يۇرتۇمدا ئەتىۋارلىق مەن،
ئىشىنىمەن ئەجداد سۆزىگە.

قۇش ناۋاسى پىغانلىق شۇنچە،
قەپەستە مىلى سايرىغان بىلەن.
سەرگەردانىنىڭ پەرىشان كۆڭلى،
ئۆزگە يەردە يايرىغان بىلەن.

مۇساپىرلىق هارۋىسىدا مەن،
كېزىپ چىقتىم بارچە جاهاننى.
تاپالمىدىم، كۆرەلمىدىم هەم،
ئەي ۋەتىنىم سەندەك جاناننى.



# ئانا

ئوغۇز سۈتۈڭ ئالەمگە تەڭدۇر،
قۇچىقىڭدا كۈلدۈم ۋىلىقلاپ.
سېنى چوغدەك يۈرەكلىرىدە،
ئۆتتى نى-نى ئوغلان ئۇلۇغلاپ.

ئەقىل بېرىپ تىلەكلىرىڭدە،
بۇ ھاياتنى سۆيدۈردۈڭ ماڭا.
قەرزىم ئادا بولمايدۇ مەڭگۈ،
ئاينى ئۈزۈپ بەرسەممۇ ساڭا.

يەتمەيدىكەن يارقىن قۇياشمۇ،
ئەي، ئانىجان نۇرلۇق چېھرىڭگە.
شۇنچە تېرەن تۇرۇپمۇ دېڭىز،
ھاڭ-تاڭ قالار ئوتلۇق مېھرىڭگە.

قاندۇرايمەن مۇھەببەت بىلەن،
بىزگە بەرگەن مېھرىڭنى ئانا.
ئاياغىڭدا بولۇپ پايپېتەك،
ئاقلاي ئۇلۇغ ئەجرىڭنى يەنا.

**本集子选录作者多年以来所写的一部分诗歌。**

مەسئۇل مۇھەررىرى: **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

# سۆيۈپ كەلگەن زېمىننى قۇياش

**ئاپتورى: ئەخمەت ناسىر**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 1/32
باسما تاۋىقى: 4.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2008 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3080 — 1

---

ISBN 978—7—5373—1628—6
باھاسى: 8.00 يۈەن



ISBN 978-7-5373-1625-5

9 787537 316255 >

ISBN978-7-5373-1625-5

（民文）定价：8.00 元